# تاتارلارنىڭ قىسقىچە تارىخى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى





1986 - يىل 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن سابان توي مەركىسى

(4 - رەسىم)

## «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قىسقىچە تارىخىدىن مەجمۇئە» نىڭ نەشر قىلىنغانلىقى ھەققىدە

ئىلىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت. ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى بىرلىكتە بەرپا قىلىشنىڭ ئۇزاق تەرەققىيات تارىخى جەريانىدا، ھەر مىللەت خەلقى ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشقان. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخى ۋەتىنىمىز تارىخىنىڭ ئايرىلماس قىسمى. ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئۆز تارىخىغا بولغان ئىپتىخارىنى قوزغاش، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تىخىمۇ كۈچەيتىپ، ئۇلارنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىغا ئاتلاندۇرۇش ئۈچۈن، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى مەجمۇئەسى» نى رەسمىي نەشر قىلىش قارار قىلىندى.

بۇ مەجمۇئە كوللېكتىپنىڭ ئۇزاق مۇددەت تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن تۈزۈپ چىقىلدى ۋە نەشر قىلىندى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مىللەتلەر كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى 1956 - يىلىلا كەڭ كۆلەمدە قاناتيايدۇرۇلغانىدى. 1958 - يىلى گوۋۇيۈەن مىللىي ئىشلار كومىتېتى بىلەن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەنلەر بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ كونكرېت رىياسەتچىلىكىدە، مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى، بېيجىڭ شەھىرى ۋە ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتو-



چىركەس بىيۇى ئۇسۇلى (3 - رەسىم)

ئوڭدىن سولغا: روزا لۇيىن (خەنزۇ قىزى)، غەلىيەۋ شەپىقە سەپەر غەلى



1918 - يىلدىكى 8 - مارت نامايىشىدا ئەسمە ئەختەمىيە نۇتۇق سۆزلىمەكتە

(2 - رەسىم)

نوم رايونلاردىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ پائال ئاتتىنىشى بىلەن، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈش خىزمىتىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى ۋە قىسقىچە ئەھۋالىنى يېزىشقا كىرىشكەنىدۇق. 1959 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى يېزىپ پۈتتۈرۈلدى. 1963 - يىلى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى كەڭ كىتابخانلاردىن پىكىر ئېلىپ تۈزىتىش كىرگۈزگەندىن كېيىن، ئاشكارا نەشر قىلىش سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، بۇ نۇسخىنى بېسىشقا تاپشۇرغانىدى. لېكىن لىن بياۋ ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشى ئارقىسىدا، مىللەتلەر تەتقىقات خىزمىتى ئون نەچچە يىل توختاپ قالغانلىقتىن، بۇ ئارزۇيىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانىدۇق. ئەمدى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قىسقىچە تارىخىنىڭ 1949 - يىلى پۈتۈن مەملىكىتىمىز ئازاد بولغانغا قەدەر بولغان قىسمىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى تۈزىتىپ ۋە تولۇقلاپ، ئايرىم - ئايرىم تۈردە ئاشكارا نەشر قىلىش قارار قىلىندى.

ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىغا ئالاقىدار ماتېرىياللارنى، بولۇپمۇ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز يېزىقىدا يېزىلغان تارىخىي ماتېرىياللىرىنى تېخىمۇ كەڭ توپلاپ، رەتلەپ چىقىشقا ۋە تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا بۇ مەجمۇئەنى تۈزۈپ چىقىشتا ھازىرچە پايدىلانغىلى بولىدىغانلىكى تارىخىي ماتېرىياللارنى ئاساس قىلدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۈزگۈچىلەرنىڭ سەۋىيىسى چەكلىك بولغانلىقتىن، يېتەرسىزلىك ۋە خاتالىقلاردىن خالىي بولۇش تەس، كىتابخانلىرىمىزنىڭ تۈزىتىش بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى بەش كىتاب مەجمۇئەسى تەھرىر ھەيئىتى «جۇڭگودىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قىسقىچە تارىخىدىن مەجمۇئە» تەھرىر گۇرۇپپىسى.

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب تاتارلارنىڭ تارىخىدىن قىسقىچە بايان .................. 1

1. ئومۇمىي ئەھۋال .................. 1

2. تاتارلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ياشىغان ماكانلىرى .................. 6

ئىككىنچى باب تاتارلارنىڭ جۇڭگوغا كۆچۈپ كېلىشى ھەققىدە قىسقىچە بايان .................. 12

1. تاتارلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىش جەريانى .................. 12

2. تاتارلارنىڭ ئېلىمىزدە ئولتۇراقلىشىشى .................. 15

3. تاتارلارنىڭ شۇغۇللانغان كەسىپلىرى .................. 18

ئۈچىنچى باب تاتارلارنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپى .................. 25

1. مائارىپ .................. 25

2. تاتار زىيالىيلىرىنىڭ مائارىپ ساھەسىدىكى رولى .................. 29

3. تاتار تىياتىرچىلىقى ۋە تاتار سەنئەتكارلىرىنىڭ قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ سەنئىتىدىكى رولى .................. 40

4. تاتارلارنىڭ شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى .................. 44

تۆتىنچى باب يېڭى دېموكراتىزملىق ئىنقىلاب مەزگىلىدىكى تاتارلار .................. 48

1. غۇلجا تاتارلىرىنىڭ «8 - مارت» نامايىشى .................. 48

2. نوغاي گورت (نوۋى گورت) نىڭ قوروۇلۇشى ...... 52
3. تاتار خەلقىنىڭ شىبىڭ شىسەي، گومىنداڭ ئەكسىيەتـ
چىلىرىگە قارشى كۈرەشتە ئوينىغان رولى .......... 55
بەشىنچى باب سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى تاتارلار ... 60
1. تاتارلارنىڭ تاڭ نۇرىغا ئېرىشىشى ............ 60
2. تاتار خەلقىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى سىياسىي -
ئىجتىمائىي ئورنى .................. 62
3. تاتار زىيالىيلىرىنىڭ تەربىيىلىنىپ يېتىلىشى ...... 64
4. تاتار خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش بىلەن
شۇغۇللىنىشى .......................... 66
5. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 -
ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى تاتار خەلقىنىڭ
ھاياتىدىكى زور ئۆزگىرىشلەر ............ 68
ئالتىنچى باب بەييائىخې تاتارلىرى ............ 71
1. قىسقىچە ئەھۋالى ...................... 71
2. بەييائىخېدا تاتارلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشى ......... 72
3. بەييائىخېدىكى تاتارلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى تۇرلۇك
كەچۈرمىشلىرى ........................ 73
4. تۇرمۇش ئىرىكچىلىكى ................. 75
5. مەدەنىيەت - مائارىپى .................. 76
6. تىل - يېزىق، ئۆرپ - ئادەتلىرى ............ 77
7. كۆندىن - كۈنگە يۈكسىلىۋاتقان بەييائىخې ...... 78
يەتتىنچى باب تاتارلارنىڭ مىللىي خۇسۇسىيىتى ...... 81
1. ھازىرقى تاتارلارنىڭ تەركىبىي شەكلى ......... 81
2. مىللىي كىيىم - كېچەكلى ۋە ئۆي سەرەمجانلىرى ...... 82
3. نىكاھ، ئائىلە، تەربىيە .................... 85

4. توي - مەرىكە، بايراملار ........................ 88
5. ئەنئەنىۋى تائاملار ۋە هازىرقى تائاملار .......... 101
6. مىللىي سەنئەت ................................ 108
7. ئاخىرقى سۆز ................................

# بىرىنچى باب تاتارلارنىڭ تارىخىدىن قىسقىچە بايان

## 1. ئومۇمىي ئەھۋال

ئېلىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت. تاتارلار ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئەزالىرىدىن بىرى. تاتارلار ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىنى ۋە مەدەنىيىتىنى بىللە ياراتتى. تاتار مىللىتى ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ ئائىلىسىدە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ ئەمگىكىنى، ئەقىل - پاراسىتىنى ۋەتەن، خەلققە بېغىشلىدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سودا-سانائەت، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە باشقا ساھەلەردە كۆزگە كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە تېگىشلىك ھەسسىنى قوشۇپ كەلدى.

تاتار مىللىتى ئاساسەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شىمالىي قىسمىغا، ئازراق بىر قىسمى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا جايلاشقان. مەملىكىتىمىزدىكى تاتارلارنىڭ نوپۇسى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدە تەخمىنەن 6000 ئەتراپىدا ئىدى. 1954 - يىلدىن باشلاپ، جۇڭگو — سوۋېت كېلىشىمىگە ئاساسەن سوۋېت پۇقرالىقىنى ساقلاپ قالغان زور بىر تۈركۈم تاتارلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كەتتى. 1960-يىللىرى تەخمىنەن 2000 ئەتراپىغا چۈشۈپ قالغانىدى.

ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلغانلىقتىن، خەلق تۇرمۇشى پەيدىنپەي ياخشىلانغانلىقتىن، ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى يۈكسەلگەنلىكتىن ھەرمىللەت خەلقىنىڭ تەن ساغلاملىقىمۇ كاپالەتكە ئىگە بولدى، نوپۇسىمۇ تېز كۆپەيدى.

جۇملىدىن تاتارلارنىڭ نوپۇسىمۇ ناھايىتى تېز كۆپەيدى. 1982 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان 3 ـ قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە مەلۇم بولغان مەلۇماتلارغا قارىغاندا، تاتارلارنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى 4 مىڭ 106 گە يەتكەن. تاتارلارنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەرقايسى شەھەر، ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيىلەرگە ئورۇنلىشىش ئەھۋالى مۇنداق:

ئۈرۈمچى شەھىرىدە 610 نوپۇس.

ئىلى ۋىلايىتى تەۋەسىدە 915 نوپۇس بولۇپ، شەھەر ۋە ناھىيىلەرگە جايلىشىش ئەھۋالى مۇنداق: غۇلجا شەھىرىدە 229، غۇلجا ناھىيىسىدە 89، چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسىدە 11، قورغاس ناھىيىسىدە 68، توققۇزتارا ناھىيىسىدە 125، كۈنەس ناھىيىسىدە 120، موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدە 224، تېكەس ناھىيىسىدە 27، نىلقا ناھىيىسىدە 12.

تارباغاتاي ۋىلايىتىدە 443 نوپۇس بولۇپ، شەھەر ۋە ناھىيىلەرگە جايلىشىش ئەھۋالى مۇنداق:

چۆچەك شەھىرىدە 178، شىخو ناھىيىسىدە 30، ساۋەن ناھىيىسىدە 40، تولى ناھىيىسىدە 48، چاغانتوقاي ناھىيىسىدە 2، دوربىلجىن ناھىيىسىدە 62، قوبۇقسارموڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسىدە 83.

ئالتاي ۋىلايىتى تەۋەسىدە 1206 نوپۇس بولۇپ، شەھەر ۋە ناھىيىلەرگە جايلىشىش ئەھۋالى مۇنداق:

ئالتاي شەھىرىدە 397، بۇرچىن ناھىيىسىدە 341، چىڭگىل ناھىيىسىدە 238، قابا ناھىيىسىدە 120، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىدە 32، كۆكتوقاي ناھىيىسىدە 50، جېمىنەي ناھىيىسىدە 28.

سانجى خۇزيۇ ئاپتونوم ئوبلاستى تەۋەسىدە 820 نوپۇس بولۇپ، شەھەر ۋە ناھىيىلەرگە جايلىشىش ئەھۋالى مۇنداق:

گۇچۇڭ ناھىيىسىدە 430، جىمسار ناھىيىسىدە 164، تاتارلار بۇلاردىن سىرت، يەنە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشقا ناھىيىلىرىگىمۇ

ئازساندا تارقىلىپ ئولتۇرماقتا.

ئىلىمىزدىكى تاتارلارنىڭ تىلى ئالتاي تىلى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار ئائىلىسى قىپچاق تىلى تارمىقىغا كىرىدۇ. تاتارلار ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئەرەب ئېلىپبەسىنى قوبۇل قىلغان. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدا يېزىقنى ئىسلاھ قىلىش، ئاددىيلاشتۇرۇش ئارقىلىق تاتار يېزىقى بارلىققا كەلدى ۋە شىنجاڭ تاتارلىرى ئارىسىدىمۇ قوللىنىلدى. ئازادلىقتىن كېيىن، تاتار خەلقى ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئۆزلىرى ياشىغان جايلاردىكى ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تىل — يېزىقىدا ئوقۇتۇپ، شۇ مىللەتلەرنىڭ يېزىقىنى قوللىنىدىغان بولدى. ئالتاي، چۆچەك، ئىلى ۋىلايەتلىرىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ياشايدىغان تاتارلار قازاق يېزىقىنى؛ ئۈرۈمچى، غۇلجا شەھەرلىرىدە ياشايدىغان تاتارلار ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىدۇ. ياشانغان ۋە ئوتتۇرا ياشلىق تاتارلار كونا تاتار يېزىقىنى ياخشى بىلىدۇ؛ ساپ قانلىق تاتار ئائىلىلىرىنىڭ بالىلىرى تاتار تىلىدا سۆزلىشىدۇ؛ ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەر كۆپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى ئازسانلىق تاتارلار ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدىمۇ سۆزلىشىدۇ. باشقا مىللەتلەر بىلەن نىكاھلانغانلار شۇ مىللەتنىڭ تىلىدا سۆزلىشىدۇ.

تاتارلار مەرىپەتپەرۋەر خەلق بولۇپ، ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ بىلىم ئېلىشىغا، جەمئىيەتكە ئارىلىشىشىغا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ساۋاتلىق بولۇپ، شىنجاڭدىكى باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتىدە تاتارلار ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئوقۇش يېشىدىكى ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. تاتارلار ئومۇمىي ئاھالىسى-

نىڭ نىسبەتىدە ھەرقايسى ساھەلەردە ئىشلەۋاتقان زىيالىيلىرى ۋە كادىرلىرىمۇ باشقا قېرىنداش مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەمىلىيەت بويىچە ئەڭ كۆپ.

تاتارلار ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىپ، يېرىم دېھ- قانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرۈپ كەلگەنىدى، ئۇلار قوي، ئۆچكە، كالا، ئات، ئېشەك ۋە تۆگە قاتارلىق چارۋىلار- نى باقىدۇ. ئازادلىقتىن بۇيان، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئورنىتىلغانلىقتىن، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى مىسلىسىز تەرەققىي قىلدى. تاتار چارۋىچىلىرى ھەرمىللەت چارۋى- چىلىرى بىلەن بىللە مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ كۆرەش قىلغان- لىقتىن، ھەرقايسى جايلاردا گۈللەپ - ياشناشتەك يېڭى مەنزىرە بارلىققا كەلدى.

تاتارلارنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش تارىخىمۇ خېلى ئۇزۇن، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان تاتار دېھقانلىرى بۇغداي، ئارپا، قىچا، ياڭاچ ئارپا، سۇلۇ، ياڭيۇ قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىيدۇ ھەمدە، باغۋەنچىلىكمۇ قىلىدۇ. تاتاردېھقانلىرى ئەنئەنىۋى كونا دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ يېڭىچە، ئىلغار يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش قورال - سايمانلىرىنى بالدۇر ئىشلىتىپ، ئۇنى ئومۇملاشتۇ- رۇشقا ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشتى.

تاتارلار — ئېسىل مەدەنىيەت - سەنئەت ئەنئەنىسىگە ئىگە مىللەت. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت - سەنئىتىنى تەرەق- قىي قىلدۇرۇپلا قالماستىن يەنە، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ مەدەنى- يەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىمۇ ئۆزلۈكسىز قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت- سەنئەت تارقاتقۇچىلىق رولىنىمۇ ئوينىدى. XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن باشلاپ تاتار تىياتىرچىلىقى خېلى تەرەققىي

قىلغان بولۇپ، يېڭى تىياتىرچىلىقنى ئەڭ دەسلەپ تاتار يىگىت-قىزلىرى سەھنىگە چىقىپ باشلاپ بەرگەنىدى. شۇنداقلا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تىياتىرلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، سەھنىلەردە رول ئېلىپ، ئۇلارنىڭ يېڭى زامان تىياتىرچىلىقىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە، تەرەققىي قىلىشىغا ئۆز ھەسسىلىرىنى قوشقانىدى. تاتار ناخشا - قوشاقلىرى (جىرلىرى) ھېسسىياتلىق، شوخ، مەردانە، مۇھەببەت - نەپرەت ئېنىق، ئاھاڭلىرى يېقىملىق كېلىدۇ، ئۇسسۇللىرى ئىنتايىن شوخ ۋە چاققان بولۇپ، كىشىنى بەكمۇ ھاياجانغا سالىدۇ. رىۋايەت — چۆچەكلىرى مول مەزمۇنلۇق، تۈرى كۆپ. قىز - ئاياللىرى ئىشلىگەن كەشتىلەرنىڭ گۈل نۇسخىلىرى كۆركەم، نەپىس، رەڭگى ئوچۇق، تويۇق مىللىي پۇراق ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك بايلىقتۇر.

تاتار خەلقى شەرەپلىك ئىنقىلابىي كۈرەش ئەنئەنىسىگە ئىگە. ئازادلىقتىن بۇرۇن، تاتار خەلقى قېرىنداش مىللەت خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزم ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمغا قارشى قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلدى.

1918 - يىلى ئىلىدىكى تاتار مائارىپچىلىرى «8 - مارت» ئاياللار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن داغدۇغىلىق يىغىن، نامايىش ئۆتكۈزۈپ، سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلىگەنىدى. XX ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا ئۈچ ۋىلايەتتىكى تاتار خەلقى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ، ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە قارشى كۈرەشتە باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلدى، خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن قۇربانلار بېرىپ، ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشتى.

1949 - يىلى، ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، تاتار خەلقى ئازادلىققا ۋە مىللىي باراۋەرلىك ئورنىغا ئېرىشتى. دېموكراتىك ئىسلاھات، سوتسىيالىستىك ئۆز-

گەرتىش، سىياسىي، ئىدىيەۋى سەپلەردىكى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ئارقىلىق، كەڭ تاتار دېھقان، چارۋىچىلىرى مىللىي زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى يوقىتىپ، كوللېكتىپلىشىش يولىغا ماڭدى؛ ھازىر ئۇلار ھەرمىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە كۆرەش قىلىپ، باتۇرلارچە ئالغا باسماقتا.

## 2. تاتارلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ياشىغان ماكانلىرى

ئېلىمىزنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا تاتارقەبىلىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى توغرىسىدا نۇرغۇن مەلۇماتلار بېرىلگەن. جۈملىدىن، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «قىتانلار باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئامۇر دەرياسى (خېيلۇڭجياڭ) بويىدا «قارا سۇ موغاللىرى» (黑水靺鞨) دەپ ئاتىلىدىغان تاتارلار شۇ چاغدىكى مۇڭغۇللارنىڭ ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، موڭغۇللارنىڭ چېگرىسىدىن ئاتلاپ، غەرب تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. تاغنىڭ غەرب — جەنۇبىدىكى جايلاردىن يۆتكىلىپ جانارغا كەلدى ۋە شۇ يەردىكى بوش جايلارغا ۋە چوغاي (يىڭشەن) تېغىنىڭ شىمال تەرىپىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى......».

تاتار توڭغۇسچە سۆزدۇر. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «كەپە» دېگەنلىك بولىدۇ. موغال ئەينى ۋاقىتتىكى كۆچلۈك بىرقەبىلىنىڭ نامى ئىدى. شۇ چاغلاردا موغاللار ئامۇر دەريا ۋادىسىدىكى كەڭ جايلاردا ياشايتتى، سولون ۋە داغۇرلارنىڭ ھازىرقى يەرلىرى بۇرۇن موغاللارغا تەۋە يەرلەر ئىدى.

جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادىدىن X1 ئەسىرئىلگىرى) ھازىرقى مانجۇرىيىدە سۇشىن قەبىلىسى ھۆكۈم سۈرگەنىدى. مىلادىدىن

II ئەسىردىن كۆپرەك ئىلگىرىكى ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئورنى يىلىپي قەبىلىسى ئىگىلىدى. مىلادى IV ئەسىرگە كەلگەندە ئۇلار ئۆزنامىلىرىنى ئوجيې دەپ ئاتىدى ۋە يەتتە چوڭ قەبىلىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. VI ئەسىرگە كەلگەندە ئوجيېلارنىڭ يەتتە قەبىلىسى ئىچىدە «قاراسۇ» قەبىلىسى كۆچىيىشكە باشلىدى. VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇلار ئوجيېلاردىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتتى ۋە ئۆزلىرىنى «قاراسۇ موغاللىرى» دەپ ئاتايدىغان بولدى. يەنە بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بۇلار 16 يېڭى قەبىلىگە بۆلۈندى ...... IX ئەسىرنىڭ بېشىغا كەلگەندە، شۇ 16 قەبىلىنىڭ بىرى يەنى ئۆزىنى «تاتار» دەپ ئاتايدىغان قەبىلە جەنۇبىي موڭغۇلىيىگە كۆچۈپ كەلدى. ھەم چوغاي تېغىنىڭ شىمال تەرىپىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. مانا مۇشۇ تاتارقەبىلىسى مىلادى 966 ـ يىلغا كەلگەندە، يەنى تاتارلار جەنۇبىي موڭغۇلىيىگە كېلىپ 150 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، سوڭ سۇلالىسىگە ئولپان تۆلەشكە باشلىدى. بۇ توغرىلىق «سۇڭنامە» دە مۇنداق دېيىلگەن: «چيەندې 4 ـ يىلى (مىلادى 966 ـ يىلى)، تاتارلار شەرقىي شىمالدىكى موغاللارنىڭ بىرقەبىلىسى ئىدى. تاڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا يۈەنخې يىللىرىدىن (807 ـ 821) كېيىن، تاتارلار چوغاي تاغلىرىغاكېلىپ ئورۇنلاشتى ۋە شۇ يىلىلا ئولپان تۆلەشكە باشلىدى ......» «لياۋنامە» دە: «جىن دىنىڭ 2 ـ يىلى تاتارلارنىڭ توققۇز قەبىلىسى قىتانلار (لياۋ سۇلالىسى)غا ئولپان تەقدىم قىلدى» دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن. شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، «تاتارلار دەسلەپتە بىر قوۋمغا مەنسۇپ بولغان بولسا، جەنۇبىي موڭغۇلىيىگە كۆچۈپ، 200 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، كۆپىيىپ، توققۇز قەبىلە تەشكىل قىلدى.» ①

① («ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر». دىن ئېلىنىندى.) «ئوتتۇرا ئاسىيادا قەدىمكى زامانلاردا ياشىغان خەلقلەر توغرىسىدا مەلۇماتلار»، رۇسچە نەشرى، 1 ـ توم، 376 ـ 377 ـ 378 ـ بەتلەر.

ئورخۇن دەرياسى بويىدىن تېپىلغان كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشىدىمۇ خاتانىنىڭ تەزىيىسىگە كەلگەن خەلقلەرنى سانىغاندا «ئوتتۇز تاتار» دەپ تاتارلار تىلغا ئېلىنىدۇ. كۆلتېكىنىنىڭ ئاكىسى بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشىدىمۇ تاتارلار تىلغا ئېلىنىپ «توققۇز تاتار» دەپ كۆرسىتىلىدۇ. بۇ مەڭگۈ تاشلار مىلادى 735 - يىلى ئورنىتىلغانىدى. مانا مۇشۇ تارىخىي خاتىرىلەردىن تاتارلارنىڭ تەدىمكى زاماندا ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال ۋە شىمالدىكى رايونلىرىدا تۇرلۇك قەبىلەر ئىتتىپاقى تەركىبىدە ياشاپ، كۆرۈنەرلىك روللارنى ئوينىغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز.

«شىنجاڭنىڭ ئىسقىچە تارىخي» دا: «......گوبىنىڭ شىمالىدا موڭغۇللاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن قەبىلەر ياشايتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تاتارلار شەرقتە بۇئىرنور كۆلىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقانىدى......» ① دەپ مەلۇمات بېرىلگەن. تاتارلار XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چىڭگىزخاننىڭ قول ئاستىغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئاساسىي كۈچلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغانىدى. چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى باتۇخاننىڭ باشچىلىقىدا غەربكە يۈرۈش قىلغان زور بىرقىسىم تاتارلار ئېتىل، ئىدىل كاما دەريالىرى بويىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان، يەنە بىرقىسىم تاتارلار مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاپ، ئولتۇراقلىشىپ قالغان. بۇ ھەقتە «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخي» دا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن XV ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغىچە بولغان مەزگىللەردە، پۈتۈن مەملىكەتتە ۋە موڭغۇلىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا بىرقاتار مۇھىم ۋەقەلەر سادىر بولدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى جۇ يۈەنجاڭ مىلادى 1398 - يىلى ئۆلگەندىن كېيىن، مىڭ چېڭزۇ پايتەختنى بېيجىڭگە كۆچۈرگەنلىكتىن، مىڭ سۇلالىسىنىڭ سىياسىي مەركىزى شىمالغا يۆتكەلدى. ئۇلۇغۋار

①«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 270 - بەت.

غايىلىك مىڭ چېگىزۇ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونلىرىغا نىسبەتەن بىر قەدەر ئاقىلانە سىياسەت قوللاندى. شۇ ۋاقىتلاردا مىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئوتتۇرا جۇڭگودىن قوغلىنىپ، گوبىنىڭ شىمالىغا كۆچۈپ كەتكەن سابىق يۈەن سۇلالىسى ئەۋلادلىرىدىن، يەنى يۈەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرىدىن شۇندىنىڭ ئوغلى ئايۇش دالا ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى توققۇزتېمۇر باشچىلىقىدىكىلەر يۈەن سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىيىتىدە مىڭ سۇلالىسىغا ھۇجۇم قىلغانىدى، لېكىن پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي شىمالدىكى ئۇيراتلارمۇ پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ كۈچىيىشكە باشلىدى. ئۇيراتلار تاتارلارنىڭ غەربىگە، بېشبالىقنىڭ شەرقىگە جايلاشقانىدى. ئارىق بۇغا، قايدۇ ئىسيان كۆتۈرگەن مەزگىللەردە 40 مىڭ تۈتۈن ئۇيرات تەدرىجىي جەنۇبقا قاراپ قوبدۇ، ئالتاي تېغى ۋە تۇمۇلنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىگە كۆچۈپ كەلدى. يۈەن سۇلالىسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، ئۇيراتلار مۆڭكې تېمۇرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. مۆڭكې تېمۇر ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئېلى - مەخمۇت، تەي پىڭ، باتۇر پولات دېگەن ئۈچ فېئودالغا تەۋە بولدى. تەخمىنەن مۇشۇ مەزگىللەردە (XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى) ئۇيراتلار تۆت تەبىلەدىن تەركىب تاپقان ئىتتىپاق تەشكىل قىلدى. ئۇيراتلار باشتا سابىق يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئەۋلادلىرىغا بويسۇنغانىدى. كۈچەيگەندىن كېيىن، تاتار ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بەرگەن ماجرالارغا ئارىلاشتى. مىلادى 1388 - يىلى ئارىق بۇغانىڭ ئەۋلادى يېسۈدەر ئۇيراتلار بىلەن بىرلىشىپ، تاتار خاقانى توققۇز تېمۇرنى ئۆلتۈردى. كېيىن، تاتارلار ئىتتىپاقى بۇزۇلدى. توققۇزتېمۇردىن كېيىن، بىرمۇنچە خانلار ئۆلۈپ، بەشىنچى خان كۈن تېمۇرغا كەلگەندە، ھەممىسى ئۆلتۈرۈلۈپ، خان دېگەن نام يوقالدى؛ شۇندىن كېيىن، ئۇيراتلارنىڭ تاتارلار بىلەن ھوقۇق.

تالىشىشى تېخىمۇ ئەۋج ئالدى. مىلادى 1399 ـ يىلى، ئويراتلار-نىڭ باشلىقى ئۇگچ قاشقا تاتارلارنىڭ خانى ئېلبەگنى ئۆلتۈردى. كۈن تېمۇر (ئېلبەگنىڭ چوڭ ئوغلى) نىڭ ئىنىسى بىلەن ياشىل (ئولجايتۇ ـــ بىن ياشىل دېگەن سانسكىرت تىلى بولۇپ، بۇددا دىنى مۇرتلىرىنىڭ ئىسمى) 100 دەك ئادەمنى باشلاپ، بېشبالىققا قېچىپ كەلدى، مىلادىنىڭ 1408 ـ يىلى ئويراتلار ئۇنى خان قىلىپ تىكلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئويرائلارنىڭ كۈچى پۈتۈن تاتارلارنى ئۆزئىلكىگە ئېلىش دەرىجىسىگە يەتتي، شۇ يىلى ئويراتلارنىڭ باشلىقى مەخمۇت مىڭ سۇلالىسىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئات ئولپان قىلىپ «مۆھۆر ۋە ئۇنۋان (ئەمەل) بېرىشنى تەلەپ قىلدى». مىڭ سۇلالىسى مىلادى 1409 ـ يىلى مەخمۇتقا «ئالاھىدە ئالتۇن مۆھۆرلۈك سورۇنچى ئامبال» ۋە «ئىتائەتچان ئەمىر ۋاڭ» دېگەن ئۇنۋانلارنى بەردى؛ تەي پىڭگە «ئالتۇن مۆھۆرلۈك سورۇنچى ئامبال» ۋە «دانىشمەن ئادالەتلىك ۋاڭ» دېگەن ئۇنۋانلارنى بەردى؛ باتۇر پولاتقا «ئالتۇن مۆھۆرلۈك سورۇنچى ئامبال»، «شادىيان ۋاڭ» دېگەن ئۇنۋانلارنى ۋە مۆھۆر بەردى ①......»؛

هازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوۋېت تاتار ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررىتورىيىسىدە كونا تاش قوراللار دەۋرى (پالشوت دەۋرىنىڭ ددسلەپكى مەزگىللىرى) دىلا ئىنسانلار ياشىغانىدى. VII ئەسىردە بۇ يەرلەرگە ئازوۋ دېڭىزى بويلىرىدىن تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى يېرىم كۆچمەن بولغار قەبىلىلىرى كېلىپ ئورۇنلاشقانىدى. X ئەسىرلەردە بۇ يەرلەردە «كاما بولغار دۆلىتى» نامىدا فېئوداللىق دۆلەت قۇرۇلۇپ، بولغار شەھىرىنى مەركەز قىلدى، بولغار دۆلىتىنىڭ ئاھالىسى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. قول ھۈنەرۋەنچىلىكى، سودىسى خېلى راۋاجلانغانىدى. 1236 ـ 1241 ـ يىللىرى

---

①« شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل ئويغۇرچە نەشرى، 307 ـ 308 ـ 209 ـ بەتلەر.

موڭغۇل ـ تاتارلار كاما ـ بۇلغار دۆلىتىنى ئىستىلا قىلىۋالدى. بۇ يەرلەر موڭغۇل ـ تاتارلار تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن «ئالتۇن ئورداخانلىقى» تەركىبىگە قوشۇۋېلىندى. XV ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى «ئالتۇن ئوردا» دىن قازان خانلىقى ئايرىلىپ چىقتى. قازان خانلىقى بۇرۇنقى كاما ـ بۇلغار دۆلىتىنىڭ ئاساسى تېررىتورىيىسى ۋە ئاھالىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى، تاتارلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە قەدىمدىن تارتىپ شۇ يەردە ياشىغۇچى يەرلىك قەبىلىلەر، بۇلغارلار، چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى باتۇخان باشلاپ بارغان موڭغۇل ـ تاتارلارمۇ كىرەتتى. ئېلىمىزدىكى تاتارلار ئەنە شۇ تاتارلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.

ئېتىل، كاما، سىبىر تاتارلىرى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ، ئۇندىن كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ شىنجاڭ ۋە ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان بېرىش، كېلىش، سودا ـ سېتىق مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەھەتلىرىدە زىچ مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەنىدى.

# ئىككىنچى باب تاتارلارنىڭ جۇڭگوغا كۆچۈپ كېلىشى ھەققىدە قىسقىچە بايان

## 1. تاتارلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىش جەريانى

ھازىرقى تاتارلارنىڭ ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونى تەۋەسىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەركىبىگە كىرگىنىگە 150 يىلدىن ئاشتى. تاتار خەلقى چار روسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى قازان، ئۇفا، تۇمەن، سىبىر، ئۇرال قاتارلىق جايلاردىن تەخمىنەن XIX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن XX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا كۆچۈپ كەلگەنىدى. بۇنى تۆۋەندىكىدەك تۆت دەۋرگە بۆلۈش مۇمكىن:

بىرىنچى دەۋرى 1830 - يىللاردىن باشلىنىدۇ. بۇ دەۋردە چار روسىيەدىكى كرېپوستنويلۇق تۈزۈم ئېغىر دەرىجىدە بۆھرانغا ئۇچراپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋەيران بولۇشقا يۈزلەنگەنىدى. فېئودال يەر ئىگىلىرى كرېپوستنويلارنى قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپلا قالماستىن، روسىيە تەۋەسىدىكى باشقا ئازسانلىق مىللەتلەرگىمۇ قاتتىق زۇلۇم سېلىپ، ئۇلارنى تالان - تاراج قىلدى. جۈملىدىن ئېتىل - كاما دەريالىرى بويلىرىدا ياشاۋاتقان تاتار دېھقانلىرىنىڭ يەر - زېمىن، تېرىلغۇ يەر ۋە ئوتلاقلىرىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىپ، ئېغىر ئالۋان - سېلىق سېلىپ، تاپقان - تەرگىنىنى تارتىۋالدى. چار پادىشاھ ھاكىمىيىتىنىڭ 25 يىللىق ئەسكەر-

لىك مەجبۇرىيەت تۈزۈمى تاتارخەلقى ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر، چەكسىز بالايىئاپەت ئىدى. ئەسكەر بولغان كۆپلىگەن تاتار ياشلىرى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ئۆلۈپ كېتەتتى، ياكى ئۆمۈرلۈك مېيىپ بولۇپ قالاتتى. ئەسكەر بولغان يەنەبىرقىسىم تاتار ياشلىرىنى سىبىرىيىگە ئەۋەتىپ، ياغاچ كەستۇرەتتى، قورغان سالدۇراتتى، ئالتۇن قازدۇراتتى. ئۇلار شارائىتى ئىنتايىن ناچار جايلاردا ئېغىر ئەمگەكلەرگە سېلىنغانلىقتىن، قىشتا قاتتىق سوغۇقنىڭ دەردىدىن، يازدا زەيلىك، پاشا دەردىدىن سىل، رىماتىزىم، بەزگەك تاتارلىق كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇپ كاردىن چىقاتتى ياكى ئۆلۈپ كېتەتتى. شۇڭا، بەزى تاتار ياشلىرى ئەسكەرلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى زەخىملەندۈرۈۋالسا، بەزىلىرى چار پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقى يەتمەيدىغان جايلارغا قېچىپ كېتەتتى. بىرمۇنچىلىغان تاتارياشلىرى خېلى بۇرۇنلا قازاقلارنىڭ ئىچىگە قېچىپ كېلىۋالغانىدى. كېيىن، ئەسكەرلىكتىن ياكى ئەسكەرلىك مەجبۇرىيىتىدىن قاچقان تاتار ياشلىرى شىنجاڭنىڭ ئالتاي ۋىلايىتى تەۋەسىگە قېچىپ كېلىشكە باشلىدى. بۇلار شىنجاڭغا دەسلەپ كەلگەن تاتارلارئىدى.

ئىككىنچى دەۋرى 1851 - يىلدىن باشلىنىدۇ. بۇ دەۋردە كېلىپ - كېتىپ يۈرۈپ پەيدىنپەيي ئولتۇراقلاشقان تاتار سودىگەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يۇرتداشلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئاساسي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا كۆچۈپ كېلىشىگە، ئولتۇراقلىشىشىغا، چارروسىيىدە تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك سانائەتنىڭ يۈكسىلىشى سەۋەب بولدى. روسىيىدە زاۋۇت-كارخانىلار ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن سودا بازىرىغا ۋە خام ئەشياغا بولغان ئېھتىياج ئاشتى. 1851 - يىلى چارروسىيە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن «ئىلى - چۆچەك سودا نىزامنامىسى» نى ئىمزالاپ، دەسلەپكى قەدەمدە شىنجاڭنى ئۆزىنىڭ خام ئەشيا بازىسى ھەم سودا بازىرىغا ئايلاندۇردى. 1871-يىلى

چارروسىيە مەنچىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن كېلىشىپ ئېلىنغانەس-كەر چىقاردى. 1881 - يىلى جۇڭگو - روسىيە ئوتتۇرىسىدا ئىمزالان-غان ئېلى شەرتنامىسىدىن كېيىن، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلار روسىيىنىڭ سودا ئالاقە ئىشلىرىنىڭ ئوچۇق رايونلىرى قىلىندى. چارروسىيىنىڭ سودا پائالىيىتىنىڭ دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى. روسىيىدىكى كاپىتالىستلار ئۆزلىرىنىڭ سودا مۇناسىۋەتلىرىدە ئۇيغۇر، قازاق خەلقلىرى ئارىسىدا ئۇنۇملۇك پائالىيەت ئېلىپ بارالايدىغان (ھەم رۇس تىلىنى ياخشى بىلىدىغان) تاتار سودى-گەرلىرىدىن پايدىلاندى. بۇنىڭ بىلەن تاتار سودىگەرلىرى شىنجاڭغا تېخىمۇ كۆپلەپ كەلدى، تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولدى ۋە رۇس كاپىتالىستلىرىنىڭ «سودا ۋەكىلى» سۈپىتىدە سودا قىلىپ، خام ئەشيا سېتىۋالدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار تەدرىجىي ھالدا شىن-جاڭدا ئولتۇراقلىشىپ قالدى.

ئۈچىنچى دەۋرى 1905 - يىللاردىن باشلىنىدۇ. بۇ دەۋردە روسىيىدە قوزغالغان بىرىنچى قېتىملىق روسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى چار پادىشاھ ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن باستۇرۇلۇپ، ئىنقىلاب-چىلار، زىيالىيلار، ئىشچىلار چوڭ تۇتقۇن قىلىندى. بۇ ۋاقىتتا بىرتۈركۈم زىيالىيلار شىنجاڭغا قېچىپ كەلدى.

تۆتىنچى دەۋرى 1914 - يىلدىن باشلىنىدۇ. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا جاھانگىرلىك ئۇرۇشىنىڭ قۇربانى بولۇشنى خالىمىغان تاتار ياشلىرى ۋە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، يەنە بىر تۈركۈم ئۇششاق مۈلۈكدارلار، قول ھۈنەرۋەنلەر ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى تۈپەيلىدىن شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلدى.

بۇ دەۋرلەردە شىنجاڭغا كەلگەن تاتارلار ئالتاي تەۋەسىدىكى چىمەنەي، قابا؛ تارباغاتاي تەۋەسىدىكى چۆچەك، چاغانتوقاي، قوبۇقسار ناھىيىلىرى ۋە ئېلى تەۋەسىدىكى قورغاس، چاپچال، موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىرى ئارقىلىق كەلگەندى.

## 2. تاتارلارنىڭ ئېلىمىزدە ئولتۇراقلىشىشى

تاتارلار شىنجاڭدا ھەرقايسى جايلارغا ئوخشاش بولمىغان ھالدا تارقاق جايلاشقان، ئۇلار دەسلەپ ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ بىرى چىرىكچى ئىدى.

چىرىكچى — ئالتاي ناھىيىسى تەۋەسىدىكى بىرجاي بولۇپ، ئېرتىش دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا، ئالتاي تاش يولىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان. ھازىر بۇ جاينى چىرىكچى 4 - چارۋىچىلىق فېرمىسى، دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ جاينى تاتارلار رۇسىيىدىن شىنجاڭغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان دەسلەپكى جاي دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. چىرىكچىگە ئەڭ دەسلەپتە كەلگەنلەر 1830 - يىللىرىدا، چاررۇسىيىنىڭ ئەسكىرى بولۇشتىن قاچقان تاتار ياشلىرى ئىدى. ئۇ دەۋردىكى مەجبۇرى ئەسكەر بولۇش تۈزۈمى — چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى ۋە فېئودال كىنەزلەرنىڭ تاتار خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن سىياسىي - ئىقتىسادىي زۇلمىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ئىدى. بۇ ۋاقىتتا چاررۇسىيىدە تاتارلاردىن باشقا تۈركىي مىللەتلەردىن ئەسكەر ئېلىنمايتتى. شۇڭا تاتار ياشلىرى بۇ تەڭسىزلىك، مىللىي زۇلۇم تۈپەيلىدىن چارىزم ھۆكۈمرانلىقى يەتمەيدىغان ئەللەرگە بېرىپ، شۇ جايدىكى خەلقلەردىن پاناھلىق تىلەشكە مەجبۇر بولغانىدى. تاتار ياشلىرى دەسلەپ قازاقىستان تەۋەسىدىكى قازاق قەبىلىلىرى ئارىسىغا كېلىپ پاناھلانغان بولسا، كېيىنرەك ئېلىمىز تەۋەسىگە كېلىپ ماكانلىشىشقا باشلىدى. چۆچەك شەھىرىدە ياشىغان تاتار تارىخچىسى قۇربانئەلى خالىدى ئۆزىنىڭ «تاۋارىخ خەمسەئى شەرقىي» دېگەن ئەسىرىدە: بوۋىلىرىمىز خىزمەتتىن (ئەسكەرلىك خىزمىتىدىن) قېچىپ بۇ يەرگە كېلىپ، بىر تەرەپتىن قازاق كاتتىلىرىغا يالۋۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن رۇس ئەمەلدارلىرىغا پۇل بېرىپ، مىڭبىر بالا بىلەن قۇتۇلۇپ، قازاق بولۇپ ئازادلىققا

ئۇلاشقان. ئاتىلار شۇنداق قىلىپ ئۆزلىرىنى ۋە ئۆز پۇشتىلىرىدىن بولغان ئوغۇللىرىنى خىزمەتتىن، ئىشتىن قۇتۇلدۇرغان» دەپ يازغانىدى.

چىرىكچى تاتارلىرىنىڭ پېشقەدەملىرىدىن ئىسماغىل 1830 ـ يىللاردا ئەسكەرلىكتىن قېچىپ كەلگەن، ئۇنىڭدىن باشقا باھاۋىدىن، شەرەفى، ھىسامىدىن قاتارلىق تاتار يىگىتلىرىمۇ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قازان، ئۇفا شەھەرلىرىدىن ئەسكەرلىكتىن قېچىپ، ئالتاي تەۋەسىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانىدى.

ئۇلار دەسلەپ ھەرقايسى جايلاردا قازاق خەلقىنىڭ كىردي قەبىلىسى ئىچىدە بالا بولۇپ، مال ـ چارۋا باققان ۋە بەزى ساۋادلىقلىرى قازاق باللىرىغا بىلىم بېرىپ موللا ئاتالغان. ئەنە شۇلارنىڭ بىرى بولغان ئىسماغىل چىرىكچىگە يېقىن بولغان بالباغاي دېگەن جايدىكى قازاقلارنىڭ «قارا قاس» قەبىلىسىدىكى بىر كىشىنىڭ بالىسى بولۇپ، مېلىنى باققان ۋە ئۆزىنى «قارا قاس» دەپ ئاتىغانىدى. ئۇ 1840 ـ يىلى قادىشا دېگەن بىرقازاق قىزىغا ئۆيلىنىدۇ. ئىسماغىل بېقىۋالغان ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، شۇ ئەتراپتىكى ھەرقايسى جايلاردا يۈرگەن ھىسامىدىن، باھاۋىدىن، شەرەفىلەرنى تېپىشىپ، بالباغايغا توپلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ تاتار مىللىتى ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن قازاق خەلقى ئۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بالباغاينى «نوغاي ئاۋۇلى» دەپ ئاتايدىغان بولىدۇ.

ئۇلار شۇ جايدىكى قازاق قىزلىرىغا ئۆيلىنىپ، ئۆي ئوچاقلىق بولۇپ، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلار ئىرىشچانلىق بىلەن ئۆز ئېھتىياجىنى قامدىغۇدەك مال ـ چارۋىغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، يايلاق يەرلىك باي ـ بەگلەرنىڭ بولغانلىقىدىن، بىرتەرەپتىن يايلاق ھەققى تۆلىسە، بىرتەرەپتىن ھۆكۈمەتكە باج ـ سېلىق تۆلەپ قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىدۇ.

ئىسماغىل تەخمىنەن 1885 ـ يىللاردا بالباغايدا ۋاپات بولىدۇ. قازاق خەلقى ئۇنىڭ قەبرىسىنى «ئىسماغىل نوغاينىڭ

مېيتىلىكى» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.

بۇلاردىن باشقا يەنە 1880 ـ يىللاردىن كېيىن كەلگەن سودىگەرلەر، دىنى زاتلار، مائارىپچىلار ۋە 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئەسكەرلىكتىن قاچقان ياشلار ئاساسەن جىمىنەي، قابا، بۇرچىن ناھىيىلىرىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقانىدى.

ئېرتىش دەرياسى ئارقىلىق چاررۇسىيە بىلەن سودا قىلىش مۇمكىنچىلىكى بولغانلىقتىن، 1912 ـ يىلى بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ بازىرى يېنىغا پاراخوت توختايدىغان پرىستان قۇرۇلدۇ. پاراخوت بىلەن مال توشۇش ئۇلاغ بىلەن توشۇشقا قارىغاندا قولايلىق، ئەرزان، ئۈنۈملۈك ۋە تېز بولغانلىقتىن تاتار سودىگەرلىرى مەركەزلىك ھالدا بۇرچىنغا توپلىنىدۇ.

غۇلجا شەھىرى شىنجاڭ بويىچە تاتارلار ئەڭ كۆپ ئەڭ زىچ جايلاشقان جاي ئىدى. رادلوۋ 1862 ـ يىلى ئىلىغا كەلگەندە بۇ يەردە تاتارلارنىڭ كۆپلىكىنى، كۆپچىلىكىنىڭ سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى، ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئىنتايىن ئىناق ئۆتۈپ، ئەركىن، ئازادە، كۆڭۈللۈك ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدى. غۇلجا شەھىرىدە تاتارلار ئولتۇراقلاشقان ئورۇن ئاساسەن چوڭ تاتار مەسچىتى ئەتراپى بولۇپ، كونا نامى «بوينى كېسىك» (ھازىرقى شەھەرلىك ھۆكۈمەت جايلاشقان ئورۇننىڭ ئەتراپى) دەپ ئاتىلاتتى. 1920 ـ يىللاردىن كېيىن، ئۇلار يېڭى مەھەللە قۇرۇپ، «نوۋى گورت» (يېڭى شەھەر) دەپ ئاتالغان شەھەر رايونىغا توپلىنىپ ئولتۇراقلاشتى، تاتارلار بۇندىن تاشقىرى، يەنە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ كۈنەس، نىلقا، توققۇز تارا، قورغاس، موڭغۇلكۈرە، تېكەس ناھىيىلىرىگىمۇ تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقانىدى.

چۆچەك شەھىرىدىكى تاتارلارنىڭ سانى غۇلجا شەھىرىدىن قالسا 2 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلار چۆچەك شەھىرىدىن باشقا يەنە، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ دۆربىلجىن، تولى، چاغانتوقاي ناھىيىلىرىگىچە تارقالغان. چۆچەكنىڭ شەھەر رايونىدا ئاساسەن

سودىگەرلەر ئولتۇراقلاشقان، ناھىيىلەرگە تارالغانلار چارۋىچى، دېھقان، مائارىپچىلار ۋە ئۇششاق سودىگەرلەر ئىدى.

ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى تاتارلارنىڭ زور كۆپچىلىكى سودىگەر، چارۋىچى ۋە ئاز ساندىكىلىرى مائارىپچى ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر بولۇپ، ياڭخاڭغا (ھازىرقى ئىتتىپاق يولىدىن شەھەرلىك 3 - دوختۇرخانىغىچە بولغان ئارىلىق) ئورۇنلاشقان.

1908 - يىلى ئالتاي چىرىكچىدىن كۆچۈپ كەلگەن تاتارلارنىڭ بىر قىسمى گۇچۇڭ بازىرىدىن باشقا يەنە بەيياڭخې يايلىقى، جىمسار، فۇكاڭ ناھىيىلىرىدىمۇ ئولتۇراقلاشقانىدى.

### 3. تاتارلارنىڭ شۇغۇللانغان كەسىپلىرى

تاتار خەلقى سودا - سانائەت، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى قاتارلىق تۈرلۈك كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا مەلۇم ھەسسە قوشتى.

سودا - سانائەت. سودا تاتارلارنىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدە شۇغۇللانغان كەسىپلىرى ئىچىدە كۆلىمى بىر قەدەر كەڭ، تەسىرى چوڭ كەسىپ ئىدى. تاتار سودىگەرلىرىنى چوڭ، ئوتتۇرا، ئۇششاق سودىگەرلەر، دەپ ئۈچكە ئايرىشقا بولىدۇ. چوڭ سودىگەرلەر ئاز ساندا، ئوتتۇرا ۋە ئۇششاق سودىگەرلەر كۆپ ساننى ئىگىلەيتتى. چوڭ سودىگەرلەرنىڭ سودا قىلىدىغان دائىرىسى كەڭ، ماللىرىنىڭ تۈرى خىلمۇ - خىل، دەسمايىسى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ سودا پائالىيىتى مەملىكەت ئىچىدە ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن، مەملىكەت سىرتىدا روسىيە (كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى) بىلەنمۇ ئېلىپ بېرىلاتتى، ئۇلار تۈرلۈك نامدىكى سودا شىركەتلىرىنى قۇرغانىدى. بۇ سودىگەرلەرنىڭ ئىچىدە رامازان چانىشوپ نامى چىققان چوڭ باي ئىدى. ئۇ روسىيىلىك چاي سودىگىرى

ۋاگانىكنىڭ سودا ۋەكىلى بولۇپ تۇرغان. ۋاگانىكنىڭ خەنكوۋدا قۇرغان چاي زاۋۇتىدا ئىشلەنگەن تۈرلۈك چايلىرىنى روسىيىگە ئاپىرىپ ساتاتتى. بىر قىسىم چايلىرىنى تارباغاتاي، ئىلى قاتارلىق جايلاردا ساتاتتى. ئۇ چاي سودىسى بىلەن تېز بېيىپ، ئۈرۈمچىدىكى تاتار سودىگىرى ناسىر بورناشوپ بىلەن شېرىكلىشىپ، ئۈرۈمچى نەنگوەندە قورا - جاي ئالىدۇ، شىركەت قۇرۇپ، روسىيىدىن گەزمال ئەكىلىپ ساتىدۇ، يەرلىك مەھسۇلاتلارنى روسىيىگە چىقىرىدۇ. كېيىنرەك رامازان چانىشوپ ئۈرۈمچىدە «جېشاڭيۈەن شىركىتى» (ھازىرقى مائارىپ نازارىتىنىڭ ئورنىدا) نى قۇرىدۇ. ئۇنىڭ مىراسخورلىرى چۆچەك شەھىرىگە 1913 - يىلى ئاتاقلىق «قىزىل ئۆي» نى سېلىپ، ئۇنى ئېكسپورت شىركىتىنىڭ باشقارمىسى قىلغانىدى. يەرلىك چارۋا مەھسۇلاتلىرىدىن تېرە، يۇڭ، ئۈچەي ۋە تۈرلۈك يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىپ روسىيىگە چىقارغانىدى. ھەمدە روسىيىدىن پاختا - يۇڭدىن ئىشلەنگەن رەخت، تۆمۈر، كېرسىن، قاتارلىق ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئەكېلىپ ساتقانىدى.

«جېشاڭيۈەن شىركىتى» خەنكوۋدىن شىنجاڭغا چاي ئەكېلىپ سېتىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇ شىركەت ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن تېغىدا يايلاق سېتىۋېلىش ۋە ئىجارىگە ئېلىش ئۇسۇللىرى بىلەن زور كۆلەمدىكى يايلاقلارنى ئىگىلەپ، چارۋىچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغانىدى. ئەنلىياڭدا مويكا قۇرۇپ، يۇڭ يۇيۇپ، تېرە قۇرۇتۇپ روسىيىگە ساتاتتى. تۇرپان دۆڭمەڭدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 80 ھەرىلىك ئىككى ئۇشكىلىك، 60 ھەرىلىك تۆت ئۇشكىلىك چىگىت ئايرىيدىغان پاختا زاۋۇتى قۇرۇپ، پاختىنىڭ چىگىتىنى ئايرىپ، ساپ پاختىنى پىرىسلاپ روسىيىگە ماڭدۇراتتى.

«جېشاڭيۈەن شىركىتى» تەرەققىي قىلىپ، ئۆزىنىڭ سودا پائالىيىتىنى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭ دائىرىسىدىلا قانات يايدۇرۇپ قالماستىن، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خەنكو،

شەنشى، گەنسۇلارغىچە كېڭەيتكەنىدى. تاتار سودىگەرلىرى ئارىسىدا يەنە، چوڭ بايلاردىن ئۈچ ئاكا - ئۇكا سودىگەر: ئەسغاتباي، ئىبراي باي، غارىق بايلار «تيەنشىڭ» شىركىتىنى تۇرغانىدى. بۇ شىركەت روسىيىدىن چۆيۈن، پولات ماتېرىياللىرى، رەڭلىك مېتال ئەسۋابلىرى، سەرەڭگە، كېرسىن، رەخت، ۋە ھەر خىل مىلىش مال قاتارلىق تاۋارلارنى ئەكېلىپ، ھەر خىل قىممەتلىك ھايۋانلارنىڭ تېرىسى، ئادەتتىكى تېرە - يۇڭ قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى ۋە پاختا قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلارغا ئالماشتۇرۇپ، روسىيىگە ماڭدۇراتتى، بۇ شىركەتنىڭ ھەر يىلى ئېكسپورت قىلىدىغان تېرە ۋە پاختىسىنىڭ مىقدارى 16 مىڭ توننىغا يېتەتتى. روسىيە ماللىرىنى تۇرپان، توقسۇن، پىچانلاردا سېتىپ، شۇ ناھىيىلەرنىڭ پاختىلىرىنى سېتىۋالاتتى، بۇ شىركەت - شىنجاڭدا ئاساسى ئورۇندا تۇرىدىغان تەسىر دائىرىگە ئىگە، كاپىتالى كۆپ شىركەت ئىدى.

بۇ شىركەتلەردىن باشقا، غۇلجا شەھىرىدىكى چوڭ بايلاردىن پاتىخ ئالدا كارىي، ئوتتۇرا ھال بايلاردىن پازىلجان يۇنۇچى قاتارلىقلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان «ئالتاي شىركىتى» (ئەسلىدە «ئالتە باي شىركىتى» بولۇپ، كېيىن ئالتاي شىركىتى دەپ ئاتالغان) مۇ خېلى سودا قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. بۇ شىركەت روسىيە (سوۋېت) بىلەن بىۋاستە سودا قىلىپ، تۈرلۈك ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئەكېلىپ سېتىش بىلەن شۇغۇللانغانىدى.

چوڭ سودىگەرلەرگە قارىغاندا، ئوتتۇرا ۋە ئۇششاق سودىگەرلەر سان جەھەتتىن كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئۈرۈمچى، غۇلجا، چۆچەك، ئالتاي، بۇرچىن قاتارلىق ھەر قايسى جايلارغا تارقالغانىدى. ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى شىنجاڭدىكى تاتار، ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەردىن بولغان چوڭ سودىگەرلەرنىڭ چەتتىن ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئېلىپ كەلگەن تۈرلۈك ماللىرىنى توپ سېتىۋېلىپ، پارچە سېتىش بىلەن شۇغۇللىناتتى.

ئوتتۇرا – ئۇششاق سودىگەرلەرنىڭ دەسمايىسى چەكلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى شەھەرلەردە دۇكان ئاچسا، بەزىلىرى چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ گەزمال، رەخت، يۇڭ رەخت ۋە مىس، تۆمۈر، قاڭالتىردىن ياسالغان ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، ئىستېمال بۇيۇملىرى، قەنت، كۆن – خۇرۇم، ئەينەك، كىرسىن قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن تىرىك مال، يۇڭ – تېرە، ئۈچەي، پاختا، ئۈزۈم، سېرىقماي قاتارلىقلارغا تېگىشەتتى ياكى ساتاتتى، سېتىۋالاتتى.

ئوتتۇرا، ئۇششاق تاتار سودىگەرلىرى ئىقتىسادىي كۈچى چەكلىك بولغانلىقتىن، چەت ئەللەر بىلەن بىۋاستە سودا قىلالمايتتى. گەرچە ئۇلار ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل سودا قىلمىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مال مەنبەسى ۋە ئۆزلىرى توپلىغان يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىشتا چوڭ سودىگەرلەرگە باغلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ توپ ماللىرىنى پارچىلاپ سېتىپ بېرىدىغان، يەرلىك ماللارنى توپلاپ بېرىدىغان پىرىكازچىكلىرى ئىدى. شۇڭا ئىقتىسادىي كىرىزىسنىڭ زەربىسىگە ئاسانلا ئۇچرايتتى. ئۇششاق سودىگەرلەرنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىر ئىدى.

بىر قىسىم تاتارلار سودا بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماستىن، بەلكى سانائەت ۋە تۈرلۈك قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئازادلىق دەۋرىگىچە يېتىپ كېلەلىگەنى غۇلجا شەھىرىدە تاتارلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان «تىميانىشان» تېرە زاۋۇتى بولۇپ، بۇ زاۋۇت كۆن – خۇرۇم، شا خۇرۇم قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان خېلى چوڭ زاۋۇت ئىدى. ئۇندىن باشقا يەنە، بىر قىسىم تاتارلار ھەر قايسى جايلاردا قول سانائەت خاراكتېرىدىكى كىچىك تېپتىكى تۈگمەن، جۇۋازخانا قاتارلىق كارخانىلارنى قۇرغانىدى. كۆنەستە بەش ئاكا – ئۇكا قۇرغان، «نوغاي زاۋۇتى» تېرە ئاشلاپ، كۆن ئىشلەپچىقىرىدىغان،

تېرە ئاشلاشتا ۋە چەم ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىدىغان خۇرۇچ ـ «تال ـ جىيا» ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا ئىدى. يۇقىرىقىدەك ئۇششاق كارخانىلار ھەر قايسى جايلاردا كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆلىمى كىچىك، ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز، تېخنىكىسى تۆۋەن بولغانلىقى، شۇ دەۋرلەردىكى مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ ھەر خىل ئالۋان ياساقلىرى، قاقتى ـ سوقتىسى تۈپەيلىدىن، شۇنداقلا سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تۇراقسىزلىقى، ئىچكى مالىمانچىلىق ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرغانلىقى سەۋەبىدىن تەرەققىي تاپالماي، كۆپىنچىسى ۋەيران بولغانىدى.

خېلى كۆپ ساندىكى يەككە قول ھۈنەرۋەن تاتارلار يازلىق، قىشلىق كىيىملەرنى تىكىش، تۇرلۇك ھارۋا، چانا ياساش، ئات ھازۇسى جابدۇقلىرىنى ياساش بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلار سوپۇنچىلىق، تۆمۈرچىلىك، پىيمىچىلىق قاتارلىق قول سانائەت كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ھەر خىل مىللىيچە يېمەكلىكلەرنى پىشۇرۇش، تاتار مىللىي نۇسخىسىدىكى كەشتىلەرنى ئىشلەش قاتارلىق تۇرلۇك كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىناتتى.

بۇ، دەۋرلەردە تاتار خەلقى ئارىسىدا ھەرمىللەت باي سودىگەرلىرىگە ئىش باشقۇرغۇچى، بوغالتىر، پىرىيومچى، پىرىكازچىك، تېخنىك، ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن بىر تۇركۇم ئىشچى خىزمەتچىلەر قوشۇنىمۇ بارلىققا كەلگەنىدى.

چارۋىچىلىق. ئۇرۇمچى، غۇلجا، چۆچەك، گۇچۇڭ، جىمسار، ئالتاي، بۇرچىن، قابا، قوبۇقسار، موڭغۇلكۇرە، نىلقا قاتارلىق ناھىيىلەردە خېلى كۆپ ساندىكى تاتارلار چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلار ئاساسەن، ئوتتۇرا دەرىجىلىك باي چارۋىدارلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قازىنىپ، بىر مەزگىل جۇڭگو ـ سوۋېت ئوتتۇرىسىدا سودا مۇناسىۋىتى توختاپ قالغاندا، سودىگەرچىلىكتىن چارۋىچىلىققا كەسىپ ئۆزگەرتكەنلەر ئىدى. ئۇلار مالچى سېلىش ئارقىلىق

ئات ـ كالا، قوي ـ ئۆچكە قاتارلىق چارۋىلارنى باقاتتى، يايلاقلارنى يىللىق ئىجارىگە ئالاتتى ياكى سېتىۋالاتتى.

چارۋىچىلارنىڭ بىر قىسمى ھاللىق چارۋىچىلار بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مېلىنى ئۆزلىرى باقاتتى. ئۇلار ئاساسەن ئالتاي تەۋەسىگە جايلاشقان بولۇپ، كۆپچىلىكىنىڭ يايلاقلىرى بولمىغانلىقتىن، يەرلىك قەبىلە باشلىقلىرىغا ئېغىر ئالۋان ـ سېلىق تۆلەپ تۇراتتى.

پادىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەمبەغەل تاتار چارۋىچىلىرى ئالتاي ۋىلايىتىدە باي چارۋىدارلارغا ياللىنىپ چارۋا باقاتتى. بەزى تاتار ياشلىرى چارۋىدارلارغا «ئاسراندى بالا» بولۇپ، ھەقسىز ئەمگەك قىلاتتى. ئۇلار گەرچە باينىڭ ئاسراندى بالىسى ھېسابلانسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پادىچىلاردىن پەرقلەنمەيتتى.

دېھقانچىلىق. تاتارلارنىڭ بەزى باي سودىگەرلىرى يەر سېتىۋېلىش ياكى ئىجارىگە ئېلىش ئارقىلىق دېھقانچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى خېلى زور بولغانلىقتىن، ئادەم ياللاش ئۇسۇلى بىلەن يەر تېرىيتتى. تېرىقچىلىق قىلىدىغان قورال ـ سايمانلىرى يېڭى شەكىلدىكى ئۇلاغ قاتىدىغان سايمانلار بولۇپ، ئادەتتىكى دېھقانلارغا قارىغاندا ئىشلەپچىقىرىشتا يۇقىرى ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيتتى. بۇندىن باشقا ئۆزىنى قامداشنى ئاساس قىلىدىغان، يەرنى ئىجارىگە ئېلىپ دېھقانچىلىق قىلىدىغان بىر قىسىم ئوتتۇرا ھال دېھقانلار ۋە ئاز ساندىكى يالانما دېھقانلارمۇ بار ئىدى.

باغۋەنچىلىك. باغ ـ ۋاران قىلىش، شەھەر سىرتىدا چارباغ قۇرۇش، ھويلا ـ ئاراملىرىغا مېۋىلىك كۆچەت تىكىش، دەل ـ دەرەخ، گۈل گىياھ ئۆستۈرۈش ئىشلىرى غۇلجا، چۆچەكلەردىكى تاتارلارنىڭ ئارىسىدا كەڭ تارقالغان.

غۇلجا شەھىرىدە ئاتىقى چىققان پازىلجان ئاقساقال غۇلجا ناھىيىسى دادامتۇ يېزىسىدا «ئانارلىق باغ» قۇرغانىدى، ئۇ

باغنىڭ كۆلىمى 144 مو بولۇپ، شەكلى گىلەمگە ئوخشايتتى. باغ
ئىچىگە رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر، قارىغايلار، قېيىن، ئىرەن دەرەخ-
لىرى، مېۋىلىك دەرەخلەر، گۈل كۆچەتلىرى تىكىلگەن، تۈز يول-
لار ياسالغان، شۇنداق گۈزەل بىر باغچا بولۇپ ئۆز دەۋرىدىكى
مۆتىۋەرلەر ياز كۈنلىرى ئالاھىدە كېلىپ سەيلە قىلىپ
كېتەتتى. جېلىلىيۈزىدىكى غادىل شاھ بېغى، كەشقىل ئەسرار دامول-
لىنىڭ «نوغاي دامولا بېغى»، تاجىدىنقىلار بېغىنىڭ خەلق ئارى-
سىدا ھېلىمۇ نامى بار. جاماكا تاجىدىننىڭ غۇلجا شەھىرىنىڭ
غەربىي تەرىپىدىكى دەريا بويىدىكى بىر قانچە يۈز مو يەرنى
چوڭ ئورمانزارلىققا ئايلاندۇرغان بولۇپ، يازدا غۇلجا خەلقى
دەم ئېلىپ، سەيلە قىلىدىغان بىردىنبىر سەيلىگاھ ئىدى.
چۆچەكنىڭ ئىرگىتى بويىدا ئالىم يىنكېيىنى بەرپا قىلغان بىر
دەرەخزارلىق بولۇپ، ھازىرمۇ كىشىلەر «ئالىمنىڭ باغچىسى»
دەپ ئاتايدۇ. ئۇستا باغۋەن غەيىت مۇخەممەت چۆچەكتە 1910 -
يىللاردا باغۋەنچىلىك قىلغان كىشى بولۇپ، ئۇ تۈرلۈك ئەلا
سورتلۇق ئالما دەرەخلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، خەلق ئارىسىغا
ئومۇملاشتۇرغانىدى.

## ئۈچىنچى باب تاتارلارنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپى

### 1. مائارىپ

مەرىپەتپەرۋەر تاتار خەلقى ئۆز خەلقىنىڭ مەدەنىيەتلىك، ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدا تۇرۇشىغا ئەزەلدىنلا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. ئۆز خەلقى مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن، كۆپ كۈچ چىقاردى. تاتار خەلقىنىڭ مائارىپ تارىخى خېلى ئۇزۇن بولۇپ، مائارىپ ئىشلىرى خېلى تەرەققىي قىلغان، تاتارلار ياشىغانلىكى جايلاردا تاتارلارنىڭ باشلانغۇچ مائارىپى بارلىققا كەلگەن ۋە ئومۇملىشىش تەرىپىگە قاراپ راۋاجلانغانىدى. ئايرىم جايلاردا ئوتتۇرا مەكتەپلەرمۇ بارلىققا كېلىپ، تاتار پەرزەنتلىرىدىن باشقا، قېرىنداش مىللەتلەر پەرزەنتلىرىنىڭمۇ ئوقۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىلغان ۋە تاتارلاردا مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ياخشى يولغا قويۇلۇشى، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ مائارىپى ئۈچۈن زور تەسىر كۆرسەتكەنىدى.

دەسلەپتە مەكتەپلەر مەسچىت قورۇلىرىنىڭ يېنىغا سېلىنغان ئۆيلەردە ياكى شەخسىلەرنىڭ قورو جايلىرىدا بولاتتى، كېيىنچە مەخسۇس مەكتەپ بىنالىرى سېلىندى. مەكتەپلەردە پەننى دەرسلەردىن باشقا، دىنى دەرسلەرمۇ ئۆتۈلەتتى. ئەرەبچە، پارسچە ساۋاد چىقىرىلاتتى. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە، ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، ئىلىم - پەنگە بولغان ئېھتىياج ئېشىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن جايلاردا ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ قوللىشى، تەشەببۇسى ۋە ماددىي-مەنىۋى ياردىمى بىلەن زامانىۋى پەننىي بىلىملەر مەكتەپ دەرسلىكلىرى-

ده سالماقلىق ئورۇننى ئىگىلەپ باردى.
1912 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى «نوغاي مەسچىتى» دەپ ئاتىلىدىغان مەسچىتتە مەكتەپ ئېچىلىپ، زىنەتوللا ئەپەندى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىندى ۋە كېيىن قىزلارنىڭ ئوقۇتۇش ئېھتىياجى بىلەن 1915 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە قىزلار مەكتىپى ئۈچۈن ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي ئىجارىگە ئېلىنىپ، 48 نەپەر قىز ئوقۇغۇچى تەربىيىلەندى.
1920 ـ يىللارغا كەلگەندە، بۇرھان شەھىدى ئاتارلىق كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا بۇرۇنقى مەكتەپ كېڭەيتىپ قۇرۇلدى ۋە باشقا قېرىنداش مىللەت پەرزەنتلىرىمۇ كۆپلەپ قوبۇل قىلىندى. مەخسۇس بىر كىچىك كىتابخانا تەشكىل قىلىندى. بۇ مەكتەپتە تاتار، ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق پەرزەنتلىرى ئوقۇدى. مەكتەپ خىراجىتى تاتار خەلقىنىڭ ئىئانىسى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياردىمى بىلەن جۇغلانغان بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى ۋە باشقا خىراجەتلەر ئۈچۈن سەرىپ قىلىناتتى.
1910 ـ يىللاردا، چۆچەك شەھىرىدە غۇمەر ئابدۇللىن مەشھۇر قىزىل مەسچىتنى ۋە بۇ مەسچىتنىڭ يېنىغا ئۈچ سىنىپلىق مەكتەپ سالدۇردى. ئوغلىنى روسىيىگە ئەۋەتىپ ئوقۇتۇپ كېلىپ، شۇ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەكتەپ «غۇمەرىيە» مەكتىپى دەپ ئاتالدى.
غۇلجا شەھىرى ــ تاتارلار بىرقەدەر مەركەزلەشكەن ئورۇن بولغاچقا، تاتار مائارىپى بۇ يەردىمۇ بالدۇر تەرەققىي قىلغانىدى. 1910 ـ يىللارغا كەلگەندە تاتارلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن مەكتەپ كىچىك كېلىپ قالغانلىقتىن ياش ئۆسمۈرلەرگە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەلۇمات بېرەلمەيدىغان بولۇپ، قالدى. شۇڭا، غۇلجىدىكى تەرەققىيپەرۋەر زاتلارھەم زىيالىيلارنىڭ قوللىشى، تەشەببۇسى بىلەن بۇمەكتەپ كېڭەيتىپ قۇرۇلۇپ، ئوتتۇرا دەرىـ

جىلىك مەلۇمات بېرەلەيدىغان يېڭى بىر مەكتەپكە ئايلاندۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن روسىيىدىكى قازان شەھىرىدىن ئاتاقلىق مائارىپچى ئابدۇللا بوبى ۋە ئۇنىڭ ئايالى خەدىچە قاتارلىق مائارىپچىلار تەكلىپ قىلىندى، تاتار خەلقىنىڭ ئىئانىسى ۋە ياردىمى بىلەن زامانىۋى مەكتەپ سېلىندى. بۇ مەكتەپتە تاتارلارنى ئاساس قىلغان ھالدا ھەر مىللەت پەرزەنتلىرى ئوقۇدى. 1914 - يىلى قۇرۇلۇپ پۈتكەن بۇ تاتار مەكتىپى چوڭ تاتار مەسچىتىنىڭ يېنىدىكى كونا تاتار مەكتىپىنىڭ ئورنىغا ئاستى ماگىزىن، ئۈستى سىنىپ قىلىپ سېلىنغان ئىككى قەۋەتلىك بىناغا جايلاشقانىدى. بۇ مەكتەپنىڭ دەرسخانىلىرى ئاستى تاختايلىق، كەڭ دېرىزىلىك ئىدى. بۇ مەكتەپنىڭ نامى «مەكتەبى نۇر» دەپ ئاتالدى. بۇ مەكتەپ پەننىي دەرس ئۆتىدىغان يېڭىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەلۇمات بېرەلەيدىغان سالاھىيىتى بىلەن ئىلى رايونى بويىچىلا ئەمەس، بەلكى شىمالىي شىنجاڭ بويىچىمۇ بىردىنبىر ئاتاقلىق مەكتەپ ئىدى.

بۇ مەكتەپتە تاتار ئوغۇل - قىزلىرىلا ئوقۇپ قالماستىن، قېرىنداش مىللەتلەردىن ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، شىبە، خۇيزۇ ئوغۇل - قىزلىرىمۇ ئوقۇيتتى. ھەتتا ئۇنىڭدا ئىككى خەنزۇ قىزىمۇ ئوقۇپ بىلىم ئالغانىدى. مەكتەپتە تىل - ئەدەبىيات، ھېساب، جۇغراپىيە، تەبىئەت ۋە دىن دەرس قاتارلىق دەرسلەر ئۆتىلەتتى. قىزلارغا قوشۇمچە كەشتە ۋە يىڭنە ئىشلىرى دەرسى ئۆتىلەتتى. تاتار مەكتىپىنىڭ مەخسۇس مەكتەپ كىيىمى بولۇپ، ئوغۇللار ئاق ياقىلىق كۆڭلەك ۋە جىگەررەڭ كاستيوم - بۇرۇلكا، قىزلار جىگەر رەڭ كۆڭلەك كىيىپ، ئاق چوڭ ياقا تاقاپ، ئاق پەرتۇق تارتاتتى.

مەكتەپ ۋەخپە مۈلۈكلەرنىڭ كىرىمى بىلەن تەمىنلىنەتتى. 300 مو ۋەخپە يەردە بىدە تېرىلاتتى، يەنە 60 دۇكان بولۇپ، بۇ دۇكانلار ئىجارىگە بېرىلەتتى، ھەر يىلى يىغىلىدىغان ئۆشرە-

زاكاتلاردىنمۇ خېلى ئىقتىساد جۇغلىناتتى. تاتار مۆتىۋەرلىرىمۇ مەكتەپكە تۈرلۈك ياردەملەرنى قىلاتتى. توپلانغان ئىقتىساد ئوقۇتقۇچىلارغا مائاش قىلىپ بېرىلەتتى، قالغىنى يېتىم - يېسىرلەرگە، غېرىپ - غۇرۋالارغا سەدىقە قىلىناتتى، مەكتەپ ۋەمەسچىتنى رېمونت قىلىش ئىشلىرىغا سەرپ قىلىناتتى. ئېشىنچى ئىقتىسادقا يەر، دۇكان، هويلا قاتارلىق مۈلۈكلەر سېتىۋېلىنىپ، ئىقتىسادىي كىرىمنىڭ ئېشىشى كاپالەتلەندۈرۈلەتتى.

مەكتەپ بىلەن بىللە، يەنە «نۇر قىرائەتخانىسى»مۇ تەشكىل قىلىنغانىدى. بۇ قىرائەتخانىغا تاتارلارنىڭ ئىلغار زاتلىرى، زىيالىيلىرى، تەرەققىيپەرۋەر مۆتىۋەرلىرى تەقدىم قىلغان تۈرلۈك مەزمۇندىكى ئەسەرلەر، خىلمۇ - خىل ژۇرناللار، هەرخىل ماتېرىياللار، هەرقايسى جايلاردىن ئالدۇرۇلغان تۈرلۈك كىتابلار قويۇلغانىدى. بۇ كىتابلارغا قىرائەتخانىنىڭ «غۇلجىدىكى پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا ئومۇمى» دېگەن سۆز ئويۇلغان ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا «نۇرقىرائەتخانىسى» دېگەن سۆز ئويۇلغان مەخسۇس تامغىسى بېسىلغانىدى. بۇنداق كىتابلارنى هازىرمۇ غۇلجىدا كىشىلەرنىڭ قولىدا ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

«مەكتەبى نۇر» مەكتىپى قۇرۇلغاندىن كېيىن تاتار، ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق هەرمىللەت ئوغۇل — قىز پەرزەنتلىرىنى تەربىيلەش يولىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئەمما بۇ يېڭى مەكتەپ قۇرۇلۇپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا، فېئودال ئىستىبدات هاكىمىيەت ۋە مۇتەئەسسىپ مولللارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا، بېسىمىغا ئۇچرىدى. بۇ بىر ئوچۇم فېئوداليزم هامىيلىرى خەلققە هەقىقەت نۇرىنى چېچىپ، خەلقنىڭ كۆزىنى قاپلاپ تۇرغان جاهالەت پەردىسىنى ئېچىپ تاشلايدىغان كۈچلۈك ئىلىم نۇرىنىڭ جاهاننى يورىتىشىنى خالىمايتتى. بولۇپمۇ بۇ مەكتەپنىڭ هەرمىللەت قىزلىرىنى ئوقۇتۇپ، بىلىملىك قىلىدىغانلىقى ئۇلارنىڭ يېغىرىغا تېخىمۇ تېگىپ، كۆزىگە قادالغان مىخ بولدى.

شۇڭا، بۇ مۇتەئەسسىپلەر ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنىڭ يار-يۆلەك بولۇشى بىلەن نۇر مەكتىپىنى نازارەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار بەزىدە قوللىرىغا دەررىلەرنى ئېلىپ، كەينىلىرىگە رەئىسلىرىنى سېلىۋېلىپ، سىنىپقا تويۇقسىز باستۇرۇپ كىرىپ، جۇغراپىيە خەرىتىلىرىنى، دەرسلىكلەرنى يىرتىپ، چەيلەپ، بۇزغۇنچىلىق قىلدى ھەم بۇنىڭغا نارازىلىق قىلغان مۇئەللىم- مۇئەللىمەلەرنى دەررىگە باستى. بۇنداق ناھەقچىلىق ۋە ئادالەتسىزلىككە نارازىلىق، بىلدۈرگەن، غەزەپ - نەپرىتىنى باسالمىغان مۇئەللىملەر بۇ زوراۋانلىققا چىداپ تۇرالماي، ئورۇندۇقلارنى كۆتۈرۈپ قارشىلىق كۆرسەتتى. بۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىۋەرگەندىن كېيىن، تەجرىبىلىك مۇئەللىملەر موللىلار كەلگەندە پەننىي دەرسلەرنى يوشۇرۇپ قويۇپ، دىنىي دەرس ئۆتۈۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئۇلارنى ئالداپ يولغا سالىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن نۇر مەكتىپى يىللار ئۆتكەنسېرى يۈكسىلىپ، فېئودال ھۆكۈمرانلار ۋە مۇتەئەسسىپ كۈچلەر بىلەن كەسكىن ئېلىشىپ، زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، كۆپلىگەن مەدەنىيەتلىك، بىلىملىك كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى.

## 2. تاتار زىيالىيلىرىنىڭ مائارىپ ساھەسىدىكى رولى

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا تاتار زىيالىيلىرى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا باشلانغۇچ مائارىپنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش يولىدا زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە مەدھىيىلىشىگە سازاۋەر بولدى.

تاتار مائارىپچىلىرى شىنجاڭدا يېڭىچە باشلانغۇچ مائارىپنى جانلاندۇرغان مەزگىل — چىرىك مەنچىڭ ھاكىمىيىتى يىمىرىلىش گىردابىدا تۇرۇۋاتقان ۋە فېئودال مۇستەبىت ياڭ زېڭشىنىڭ ھۆ-

كومرانلىق قىلىۋاتقان دەۋرىگە توغرا كېلەتتى، بۇ ۋاقىتتا فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ دەھشەتلىك ئېزىشى ۋە تالان - تاراج قىلىشى تۈپەيلىدىن، خەلقنىڭ مىللىي مائارىپى يوقىلىش گىرداۋىغا يېتىپ قالغانىدى. ھەرقايسى جايلاردا بىرقىسىم دىنىي مەكتەپلەر بار بولسىمۇ، ئۇنىڭدا پەننىي تەربىيە بېرىلمەيتتى، تاتار مائارىپ پەرۋەر زىيالىيلىرىنىڭ زور كۈچ چىقىرىشى ۋە تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا يېڭىچە مەكتەپلەردە پەننىي ئوقۇتۇش ئىشلىرى بارلىققا كېلىپ، دەۋر تەلىپى ئەكس ئەتتۈرۈلدى. بۇنداق يېڭىچە مائارىپ «جەدىت» دەپ ئاتىلاتتى، ئاشۇنداق «جەدىت» چە تەلىم ئالغان تاتار مائارىپچىلىرىنىڭ ھەم تاتارلار تەرىپىدىن قازان ۋە باشقا جايلاردا نەشىر قىلىنغان دەرسلىك كىتابلارنىڭ شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقنىڭ يېڭى مائارىپىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە ئوينىغان رولى ناھايىتى زور بولغانىدى. تاتار مائارىپچىلىرى جان - دىلى بىلەن ھەر مىللەت پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇپ ۋە تەربىيىلەپ، شىنجاڭدا ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور ھەسسە قوشتى.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى مەرىپەتپەرۋەر زاتلاردىن ئاكا - ئۇكا مۇسە يىن، باھاۋۇدىن مۇسابايلار تەرىپىدىن 1870 - يىللاردا تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان زامانىۋى ئىلىم بۇلىقى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ئىكساق كەنتىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار قازانغا ئوقۇتقۇچى ئەۋەتىپ، تاتار مائارىپىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆلگە قىلىپ، بۇ مەكتەپ خىزمىتىنى يۈكسەلدۈردى. بۇ مەكتەپتە قازان دارىل مۇئەللىمىنىنى تۈگەتكەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تۈزۈلگەن دەرس پروگراممىلىرى تۈزۈپ چىقىلدى. تاتار زىيا لىيلىرىدىن سالاخىددىن ئەپەندى، مۇكەررەم خانىم، مۇشپىدە خانىملار ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىندى. ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىن چىققان مەرىپەتپەرۋەر زات مەخسۇت مۇھەممۇ 1910 - يىللاردا روسىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ، قازان تاتارلىرىنىڭ مەدەنى-

يىتىشىنىڭ تەرەققىي ئاپقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆپلىگەن تاتار زىيالىيلىرى بىلەن تونۇشتى، شىنجاڭغا قايتقاندىن كېيىن، تۇرپاندا زامانىۋى مىللىي مائارىپنى بارلىققا كەلتۈردى ۋە تاتار زىيالىيلىرىدىن ھەيدەر ئەپەندى قاتارلىق بىرنەچچە ئادەمنى تەكلىپ قىلىپ، تۇرپان ئاستانىدا مەكتەپ سالدۇرۇپ، ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتتى. بۇ مەكتەپتە ئۆتۈلگەن دەرسلەر بۇرۇنقى كونا مەكتەپلەردىن روشەن ھالدا پەرقلىق بولغىنى ئۈچۈن بىرقىسىم مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغانىدى. بۇ مەكتەپلەردە ئۆتۈلگەن دەرسلەر ئانا تىل، ھېساب، جۇغراپىيە، تەبىئەت، قول ھۈنىرى، دىن دەرس ۋە باشقىلار بولۇپ، شېئىرمۇ ئۆتسىلەتتى، شېئىر دەرسىدە ئابدۇللا توقاينىڭ شېئىرلىرى ناخشا تېكىستى قىلىناتتى. تاتار مائارىپچىلىرى ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپلا قالماستىن يەنە مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ تۈرلۈك توسقۇنلۇقلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، بىر نەچچە خىل دەرسلەرنى ئۆزلىرى يالغۇز ئۆتەتتى.

1917 - يىلى مەخسۇت مۇھىدى يەنە مۇھىببۇللا ئەپەندى ۋە يولدىشى گۈلەندەم ئابىستايىنى ئاستانىغا ئېلىپ كەلدى. گۈلەندەم ئابىستاي ① ئايرىم بىرئېغىزلىق ئۆي تەييارلاپ قىزلارنى ئوقۇتتى، ئوقۇتۇش سەۋىيىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان بۇ مەكتەپتە ئوقۇپ چىققان كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا باشقا جايلارغا بېرىپ، تايانچ ئوقۇتقۇچىلاردىن بولۇپ قالدى.

1910 - ۋە 1920 - يىللاردا قۇمۇل، گۇچۇڭ، فۇكاڭ، ئالتاي، جىمىنەي، قابا، بۇرۇلتوقاي، چۆچەك، دۆربىلجىن، تولى، قوبۇقسار، كۆكتوقاي قاتارلىق جايلاردىمۇ يېڭىچە باشلانغۇچ مەكتەپلەر

① ئابىستاي - تاتارلارنىڭ، مۇتىۋەرزاتلارنىڭ ئاياللىرى ۋە ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەپ ئاتايدىغان سۆزى بولۇپ، ئاستانە خەلقى ھېلىمۇ گۈلەندەم ئابىستايدىن قالغان ئابىستاي دېگەن سۆز بىلەن ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى ئاتاپ كەلمەكتە.

قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىنى ئىلغار ئەر- ئايال
تاتار مائارىپچىلىرى ئۆز ئۈستىلىرىگە ئېلىپ، ئۇيغۇر، قازاق، قىر-
غىز قاتارلىق قېرىنداش مىللەت پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلىدى.

تاتار مائارىپچىلىرى ئۆز خەلقى مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش
بىلەن بىللە، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ مائارىپىنى
يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈنمۇ، ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك قانلىرىنى سەرپ
قىلدى، ئۇلار بارغانلىكى يېرىدە مەرىپەت ئۇرۇقىنى چاچتى، يېڭىچە
مەكتەپ قۇرۇپ، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ مىللىي مائارىپىنىڭ يوقلۇقتىن
بارلىققا كېلىشىگە، كىچىكلىكتىن زورىيىشىغا تۆھپە قوشتى. بولۇپمۇ
1934 - يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭنىڭ مىللىي مائارىپىدا يېڭى بىر ۋە-
زىيەت بارلىققا كېلىپ، مىللىي ئاقارتىش پائالىيىتى باش كۆتۈردى.
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جى-
لۇ قاتارلىق كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر كىشىلەرنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ،
ھەرمىللەت خەلقى ئارىسىدا ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ باردى،
مەدەنىيەت — مائارىپ ئىشلىرى گۈللەپ - ياشناشقا باشلىدى.

شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇش-
مىلىرى قۇرۇلۇپ، مەدەنىي — مائارىپ ئىشلىرى يۈكسىلىپ، تەرەققىي
قىلدى. تاتارلار غۇلجا شەھىرىدە ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قوللىشى
بىلەن 1920 - يىللار قۇرۇلغان مەكتەپنى كېڭەيتىپ قۇرۇپ، ئۇنىڭ
غەرب تەرىپىگە يېڭىدىن بىر يۈرۈش ئوقۇتۇش بىناسى سالدى،
بۇ مەكتەپنىڭ ئۈستى قاڭالتىر بىلەن يېپىلغان بولۇپ، بۇ بىنادا
12 سىنىپ، تۆت ئىشخانا، 500 گە يېقىن ئوقۇغۇچى سىغىدىغان كۇ-
لۇب بارئىدى. سىنىپلارنىڭ ئاستىغا تاختاي ياتقۇزۇلغان، كەڭ قوش
دېرىزىلەر قويۇلغان بولۇپ، يورۇق، ئازادە ئىدى. يەتتە يىللىق ئو-
قۇش تۈزۈمىدىكى بۇ مەكتەپتە تاتار ئوقۇغۇچىلاردىن باشقا، يەنە كۆپ-
لىگەن ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، خۇيزۇ، قىسمەن خەنزۇ ئوقۇ-
غۇچىلارمۇ ئوقۇغانىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر، ئوت يۈرەك
شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپمۇ مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇپ بىلىم ئالغانىدى.

مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسى ۋە تەربىيىلەش ئۇسۇللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئىشلەپ بېرىلەتتى. مەكتەپتە يەنە چوڭلارنىڭ ساۋاتسىزلىقىنى يوقىتىش كۇرسلىرىمۇ ئېچىلغانىدى. جۈملىدىن، مەكتەپتە كىتابخانا (قىرائەتخانا) قۇرۇش، تام گېزىتى چىقىرىش پائالىيەتلىرى كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلى تەرەپتىن ياخشى تەربىيىلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلگەنىدى. تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئومۇملاشتۇرۇلغان بولۇپ، مەخسۇس تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە پائالىيەت ئىشلەپ بېرىلەتتى. تەنتەربىيە كۆرەكلىرىدە ئوقۇغۇچىلار مۇزىكىلىق پىرامىدا قاتارلىق تەنھەرىكەت ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىپ خەلقنى ھەيران قالدۇرغانىدى. شۇنداقلا مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى سەنئەت كۇرژۇكلىرى قۇرۇلغانىدى. بۇ سەنئەت كۇرژۇكلىرى بايراملاردا ئويۇن قويۇپ، باللارغا خاس غاز ئويۇنى، كېپىنەك ئويۇنى، شامىلە، چېركىس ئۇسسۇلى قاتارلىق ھەر خىل سەنئەت نومۇرلىرىنى ئويناپ چىقىپ كەيپىياتنى جانلاندۇراتتى. ئوقۇغۇچىلار بۇنداق سەنئەت نومۇرلىرىنى بەكمۇ ياقتۇراتتى.

1936 - يىلى چۆچەكتىمۇ تاتار ئويۇشمىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تاتار مەكتىپى قۇرۇلغانىدى. 1920 - يىللاردا قۇرۇلغان تىزان مەكتىپىدە تاتار باللىرى ئاساس تەلىم ئالغان ھالدا ھەر مىللەت پەرزەنتلىرى ئوقۇتۇلاتتى. كۆزگە كۆرۈنگەن تاتار مائارىپچىسى نامسام باۋىدىن مۇدىرلىقىدىكى تاتار مەكتىپى تولۇق ئوتتۇرا مەلۇمات بېرىدىغان مەكتەپكە ئايلىنىپ، سوۋېت مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسى بىلەن باشقۇرۇلغانىدى. بۇ مەكتەپ ھەر مىللەت ياشلىرىنى ھەر تەرەپلىمە مەلۇماتلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈشتە ئاجايىپ زور تۆھپىلەرنى قوشقانىدى.

چۆچەكتىكى ھەر مىللەت قىزلىرى گۈلەندەم ئابىستاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ۋە ئۇنىڭ ئۆزى مۇدىر بولغان «گۈلەندەمىيە»

مەكتىپىدە ئوقۇيتتى. بۇ مەكتەپ ئاتتە يىللىق مەلۇمات بېرىدىغان مەكتەپ بولۇپ، ئىلىم پەن ئوقۇتۇشتىن تاشقىرى، كەشتە تىكىش، كىيىم تىكىش، چىلتەر توقۇش قاتارلىق قول ھۈنەرلىرىنى ئۆگىتەتتى. گۈلەندەم ئابىستاي مائارىپ بىلەن شۇغۇللانغان 40 يىلغا يېقىن ئۆمرىنى ھەرمىللەت قىزلىرىنى ئوقۇتۇپ تەربىيىلەش ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

كۆپلىگەن تاتار مائارىپچىلىرى تاتار مەكتەپلىرىدىلا مۇھىم رول ئويناپ قالماستىن، ھەرقايسى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ مەكتەپلىرىدىمۇ ئوقۇتقۇچى، مۇدىر بولۇپ ئىشلەپ، ھەرمىللەت مىللىي مائارىپىنىڭ جانلىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى. بۇ يەردە، غۇلجىدا 43 يىل مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ئۆزىنىڭ بارلىق يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان زەينەپ جىلىقبايىۋانىڭ ئىش ئىزلىرىنى تىلغائېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ.

زەينەپ ئاپپاي غۇلجىدا تاتار مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، 1919 ـ يىلدىن باشلاپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئۇ، 1925 ـ يىلى «ئايخان» مەكتىپىدە، 1933 ــ 1935 ـ يىللىرى ئۆزبېك «نەمۇنە» مەكتىپىدە، 1936 ـ 1939 ـ يىللىرى «تاغالىيە» مەكتىپىدە، 1939 ــ 1944 ـ يىللىرى ئىلى ۋىلايەتلىك قىزلار مەكتىپىدە، 1951 ــ 1956 ـ يىللىرى «سايرامىيە» مەكتىپىدە مۇدىر بولدى. ئۇنىڭ ئوقۇتقان ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا تاتار، ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، خۇيزۇ، قىسمەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارمۇ بارئىدى. ئۇلار ئارىسىدىن ۋەتەن، خەلققە يارامىلىق كۆپلىگەن كادىرلار، زىيالىيلار يېتىشىپ چىقىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش سەپلىرىدە ئىشلەپ ئۆز تۆھپىلىرىنى تەقدىم قىلماقتا. شۇڭلاشقا زەينەپ ئاپپاينىڭ ئىش ئىزلىرى، ئىلغار پائالىيەتلىرى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ كۆپ قېتىم تەقدىرلىشى، يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى

ۋە زور ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى. زەينەپ ئاپپاي ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ ئۆلۈمى زور داغدۇغا بىلەن ئۇزىتىلدى.

تاتار مائارىپچىسى رەشىدە شەمسىدىنوۋا غۇلجا ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، زور تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇ، غۇلجىدىكى «مەكتەبى نۇر» نى 1928 - يىلى تۈگەتكەندىن كېيىن، شۇ مەكتەپتە ئۈچ يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، 1931 - يىلدىن 1933 - يىلغىچە تاشكەنتكە چىقىپ بىلىم ئاشۇردى، ئۇ «مەكتەبى نۇر» دا يەنە 1935 - يىلغىچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى، 1935 - يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئەنلىياڭ قىزلار مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى، بۇ جەرياندا يەنە 1 - قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدە خەنزۇ قىزلىرىغا ئۇيغۇرچە دەرس ئۆتتى. 1946 - يىلى ئۈرۈمچىدە مىللىي قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنى قۇرۇپ، ئوقۇتقۇچى، مۇدىر بولۇپ، تا ئازادلىققىچە ئىشلىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، ئۆلكىلىك ۋە مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

تاتار مائارىپچىلىرىنىڭ شەھەرلەردىكى رولى چوڭ بولۇپلا قالماستىن، ناھىيە، يېزا، قىشلاقلاردىمۇ ناھايىتى چوڭ بولدى. موڭغۇلكۈرەدىكى چېكىرتى، كۆنەستىكى ئارالتۆپە، نارات قاتارلىق جايلاردىمۇ تاتار مائارىپچىلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت پەرزەنتلىرى تەربىيىلەنگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر مۇنچىلىرى خەلققە يارامىلىق كىشىلەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. مەسىلەن، قىرغىز خەلقىنىڭ مەشھۇر جامائەت ئەربابى ۋە شائىرى ئامانتور بايزاقوپ شۇ دەۋردە تاتار مائارىپچىلىرىنىڭ قولىدا تەربىيىلىنىپ چىققانىدى.

دۆربىلجىن ناھىيىسىدە ئۇزۇن يىل مائارىپچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان نەلىغە ئاپپاي ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئوغۇل - قىز پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەپ، ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئۆز ھەسسىسىنى قوشقانىدى. ئۇ تالانتلىق

پېداگوك بولۇپ، ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش ئىشلىرىنىمۇ ئېلىپ بار-
غانىدى. ئۇ، مەكتەپ كارىدورىغا ئەينەك قويدۇرۇپ، ئايال ئوقۇت-
قۇچىلارنىڭ سىنىپقا كىرىشتىن بۇرۇن، ئەينەككە قاراپ، ئۆزىنى
تۈزەشتۈرۈشىنى، قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز ئوقۇتقۇچىسىنىڭ
كىيىنىشلىرىنى، چاچ تارىشلىرىنى هەر بىر هەرىكەتلىرىگىچە دىققەت
قىلىپ كۆزىتىدىغانلىقىنى هەم ئۇلگە ئالىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ
تۇراتتى. ئۇ يەنە هەر ئايدا مائاش چىقىش بىلەن تەڭ يېڭى
كىيىم كىيىشكە ئالدىرايدىغان ئايال ئوقۇتقۇچىلارغا تەربىيە بېرىپ
«يېڭى كىيىم كىيىش بىر مەدەنىيەت، شۇنداقلا كونا كىيىمنى پا-
كىزە، رەتلىك قىلىپ كىيىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر مەدەنىيەت» دەيتتى.
تەلىغە ئاپپاي ئازادلىقتىن كېيىندىن 1955 - يىلىغىچە مائارىپ
بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا دۆربىلجىن خەلقىنىڭ يۇقىرى هۆر-
مەت - ئېتىبارىغا سازاۋەر بولغانىدى.
فۇكاڭ ناهىيىسىدە 20 - يىللاردىن باشلاپ ئازاق خەلقى
ئارىسىدا ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان نۇرىدىن ئە-
پەندىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىدىكى رولىمۇ چوڭ بولغانىدى. نۇرىدىن
ئەپەندى 1935 - يىلى 10 - ئايدا فۇكاڭ بازىرىغا كېلىپ
ناهىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە خەنزۇ باللىرىغا ئۇيغۇرچە
دەرس ئۆتىدۇ. بۇ جەرياندا بازاردىكى 11 ئۆيلۈك ئۇيغۇرنىڭ
پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچى بولمىغانلىقتىن، ئوقۇش-
سىز قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇشقا
قەتئىي نىيەت قىلىپ، مەسچىت يېنىدىكى كونا بىر ئۆينى تۈزەپ
مەكتەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 11 ئۆيلۈك ئۇيغۇرنىڭ ئون نەچچە
پەرزەنتىنى يىغىپ، ئوقۇتۇشقا باشلايدۇ. ئۇ كېچە - كۈندۈز تىرىشىپ
ئوقۇتقانلىقتىن بىر قىشتىلا باللارنىڭ خەت - ساۋادى چىقىدۇ.
1936 - يىلى يازدا، ئۇ خەلقنى هەرىكەتلەندۈرۈش بىلەن
بىرگە ئۆز يېنىدىن چىقىم قىلىپ ئىككى سىنىپ هەم بىر ئوقۇت-
قۇچى ئىشخانىسى سالىدۇ. دەرس باشلانغاندا ئەتراپتىكى يېزى-

لاردىن كەلگەن باللار بىلەن ئوقۇغۇچىلار كۆپىيىپ بەرسىنىپ ئوقۇغۇچى بولىدۇ ھەم ھۆكۈمەت قارمىقىغا ئۆتىدۇ.

1939 - يىلىغا كەلگەندە بازاردىكى ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن مەكتەپ كىچىك كېلىپ قېلىپ، نۇردىن ئەپەندىنىڭ باشلامچىلىقى ھەم بازار ۋە يېزىلاردىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قوللىشى، ياردەم قىلىشى ئارقىسىدا، تۆت سىنىپلىق، ئىككى بۆلۈملۈك مەكتەپ سېلىنىدۇ. نۇردىن ئەپەندى ئۆسمۈرلەرنى ئوقۇتۇش بىلەنلا قالماي، چوڭلارنىڭ ساۋادىنى چىقىرىش كۇرسىنىمۇ ئاچىدۇ. ئۇ مەكتەپتە مەدەنىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، سەنئەت، تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرىنى راۋاجلاندۇرىدۇ.

ئۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا ئوتتۇرا دەرىجىدە مەلۇمات بېرىدىغان ئوتتۇرا مەكتەپ بولمىغانلىقتىن، ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىغا ئىلتىماس قىلىپ، مەكتەپنى كېڭەيتىپ تولۇق ئالتە يىللىق مەكتەپكە ئايلاندۇرىدۇ.

نۇردىن ئەپەندى ئازادلىققىچە ئوتتۇز يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مىڭلىغان پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەپ، ۋەتەنگە ۋە خەلققە كۆپلىگەن بىلىملىك كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بولغانىدى. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇ فۇكاڭ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى بولدى. 1966 - يىلى ۋاپات بولدى.

قەشقەر ۋە ئاقسۇلاردا مائارىپ بىلەن شۇغۇللانغان ئەخمەت فەرىد ئەپەندىنىڭمۇ خەلق ئارىسىدا ئىناۋىتى چوڭ ئىدى.

ئەخمەت فەرىد ئەپەندى 1930 - يىللاردا ئۇيغۇر سودىگىرى ئابلائاخۇن ئۆز خىراجىتى بىلەن ئاچقان مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، كۆپلىگەن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتقانىدى. ئۇ ناھايىتى يۇقىرى بىلىملىك كىشى بولۇپ، باللارنى ئىلىم - پەن بىلەن تەربىيىلەش بىلەنلا قالماي، مەدەنىيەت، ئەدەب - ئەخلاق

جەھەتلىرىدىنمۇ چوڭقۇر تەربىيىلىگەنىدى.

ئەخمەت فەرىد ئەپەندى 1934 - يىلى ئاقسۇغا كېلىپ، ئۆ-
زى بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىش ئارقىلىق، ئاقسۇ دارىلمۇئەللى-
مىننى تۈرۈپ چىقىپ، ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش-
كە كىرىشكەن ۋە كۆپلىگەن ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ بەرگەنىدى.

ئۇ بۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان چېغىدا ئۇچتۇر-
پاندىن تولومىش، ئىبراي، تالىپ، موللا قۇربان قاتارلىق تۆت
قىرغىز ياشنىڭ ئوقۇشقا كەلگەنلىكىنى، قىرغىز خەلقى ئارىسىدا
مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ، بۇ ياشلارنى مەك-
تەپكە قوبۇل قىلىپ تەربىيىلەپ، ئاقچىدىكى قىرغىز خەلقى ئارى-
سىغا بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا ئەۋەتكەنىدى. بۇ ياشلار ئاقچى-
غا مېڭىش ئالدىدا ھەر بىرىگە بىر قۇردىن يېڭى پوسۇندا كىيىم-
كېچەك تىكتۈرۈپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ مۇشۇ يېڭى پوسۇندىكى كىيىم-
لەرنى قىرغىزخەلقى ئارىسىغا تارقىتىشقا تىرىشىشىنى تەۋسىيە
قىلغانىدى.

ئەخمەت فەرىد ئەپەندىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ئارقىسىدا بۇ تۆت
نەپەر قىرغىز ياش ئاقچىنىڭ قارا بۇلاق، سوتاش دېگەن جايلىرىغا
ئىككى - ئىككىدىن بۆلۈنۈپ بېرىپ ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن
شۇغۇللىنىدۇ ۋە ئۆزلىرى يېتىشتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشىلى-
رىدىن 20 نەپىرىنى تاللاپ ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىنگە ئەۋەتىپ،
سەۋىيىسىنى ئۆستۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1941 - يىلىغا كەلگەندە،
ئاقچىدا مائارىپ ئىشلىرى ئومۇملىشىشقا باشلاپ، قۇرۇلغان مەك-
تەپلەرنىڭ سانى 20 دىن ئېشىپ قىرغىز مائارىپىغا ئاساس سېلىنىدۇ.

بۇ يەردە شاھۋەلى ۋەلىيوفنىڭمۇ قىرغىز مائارىپىغا قوش-
قان تۆھپىسىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. ئۇ 1937 -
يىلى باي ناھىيىسىنىڭ قارا باغ دېگەن جايىغا بېرىپ قىرغىز با-
لىلىرىنى 1940 - يىلغىچە ئوقۇتىدۇ. ۋە 1940- يىلى ئاقسۇنىڭ بوز-
دۆڭ دېگەن جايىغا كۆچۈپ كېلىپ، 1944 - يىلغىچە شۇ جايدىكى

قىرغىز پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇپ تەربىيىلەيدۇ. ئۇ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن 17 نەپىرى ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇشقا تاللىنىدۇ، ۋە يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشىلەرگە ئايلىنىدۇ.

1938 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە ئۇيغۇرلار مەكتەپ قۇرماقچى بولغاندا بەش سىنىپقا يېتەرلىك ياغاچ - تاختاي، ئىشىك - دېرىزە قاتارلىق ماتېرىياللار كېمىيىپ قېلىپ ئوقۇش باشلىنىشچە مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتمەسلىك خەۋپى تۇغۇلىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان تاتار مۆتىۋەرلىرىدىن فەرىت غابىتوۋ ئۆزىنىڭ ئۆيى سېلىش ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان ئالتە مېترلىق 49 دانە لىم ياغىچىنى، بەش مېتر ئۇزۇنلۇقتىكى، تۆت سانتىمېتر قېلىنلىقتىكى 100تال تاختىينى ۋە بەش ئىشىك، ئون دېرىزىسىنى مەكتەپكە ئەۋەتىپ بېرىپ، مەكتەپنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇش باشلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

يولداش ئابدۇللا تالىپ ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېرىكلار» دېگەن ئەسىرىدە تاتار مائارىپچىلىرىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىگە يۇقىرى باھا بېرىپ، مۇنداق يازىدۇ: «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىنىڭ يۇقىرىدىكى باياندىن ئۇنىڭ بىرىنچى باسقۇچلۇق تەرەققىياتى 1872 - يىلدىن 1911 - يىلىدىكى شىنخەي ئىنقىلابى غەلىبە قىلغانغا قەدەر، ئىككىنچى باسقۇچى 1911 - يىلدىن 1931 - يىلدىكى قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىغا قەدەر داۋام قىلغانلىقىنى كۆردۇق. بۇ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ئۈچۈن، قېرىنداش تاتار ئەر - ئايال ئوقۇتقۇچى زىيالىيلىرىنىڭ ۋە بىر تۈركۈم تاتار مائارىپچىلىرىنىڭ قوشقان تۆھپىسى ھەمدە ئاققۇزغان قان - تەرلىرى ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ تۆھپىسى ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدا مەڭگۈ ئورۇن ئالىدۇ. ئۇيغۇر ئەۋلادلىرى ئۇلارنىڭ شانلىق ئەمگىكى ئۈچۈن ھېسابسىز مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ.» تاتار مەكتەپلىرى، زىيالىيلىرى شىنجاڭ مىللىي مائارىپىنىڭ يۈكسىلىشىدە قوشقان بىر ئۇلۇش ھەسسى،

بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس تەسىرات قالدۇردى ۋە ئېلىمىز تاتارلىرىنىڭ تارىخىغا بىر شانلىق سەھىپە قوشتى.

### 3. تاتار تىياتىرچىلىقى ۋە تاتار سەنئەتكارلىرىنىڭ قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ سەنئىتىدىكى رولى

مىللىي ئاقارتىش مەزگىلىدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سانايى-نەفىسە ئۇيۇشمىلىرى (ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمەكلىرى) قۇرۇلۇپ، سەنئەت ئىشلىرى ۋۇجۇدقا كېلىپ خەلقنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى تېخىمۇ جانلاندۇرغانىدى. ئۈرۈمچى، غۇلجا، چۆچەك قاتارلىق تاتارلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شەھەرلەردە تاتار سانايى-نەفىسەلىرى قۇرۇلغانىدى.

تاتار ياشلىرى تىياتىر ئۆمەكلىرىگە قىزغىن قاتناشتى ۋە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ تۇرلۇك سەھنە ئەسەرلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاپ، تاتار خەلقىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى جانلاندۇرغانىدى.

شىنجاڭدىكى تاتارلار ئارىسىدا، چۆچەك تاتارلىرىنىڭ سەنئەت ئىشلىرى ئالدىدا ماڭدى. ئۇلار 1932 - يىلىدىلا سەنئەت تۇگۇرەكلىرىنى (كرۇژۇك) قۇرۇپ ئىشنى «ئەدەبىيات كېچىلىكى» نامى بىلەن باشلاپ 30 نەچچە ناخشا، مۇزىكا نومۇرىنى تەييارلىدى. نۇر ئابىت دېگەن ئۆزبېك باينىڭ باغچىسىنى ئارىيەت ئېلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىغا ئويۇن قويۇپ، خەلقنى يېڭى مەدەنىيەت بىلەن ئۇچراشتۇرغانىدى.

يېڭى مەدەنىيەتنىڭ بۇ خىل تۇرى مەيدانغا كېلىش بىلەنلا فېئودال مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا دۇچ كەلدى. ئۇلار ئاممىنىڭ سەنئەت پائالىيەتلىرىنى چەكلەشكە ئۇرۇنۇپ، ئاياللارنىڭ سەنئەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشىغا، سەھنىگە چىقىپ

ئۆيۈن تويۇشىغا قارشى تۇردى ۋە ئۇلارنى «كوچا سۈپۈردىغان سۈپۈرگىلەر» دەپ ھاقارەتلىدى.

بۇنىڭغا قارشى تاتار تىياتىر ئۆمىكىدىكىلەر، چۆچەكنىڭ شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي كەيپىياتىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان «بىرىنچى تىياتىر» دېگەن پىيسىنى سەھنىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينىدى. بۇ پىيسا كونىلىق تەرەپدارلىرىدىن بولغان بىر جاھىل ئاتىنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ مەدەنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشىنى چەكلىگەنلىكى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ يوشۇرۇنچە مەدەنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقانلىقى، ياشلارنىڭ مەدەنىيەتكە بولغان قىزغىنلىقى، جاھىل كۆچلەرنىڭ مەدەنىيەتكە بولغان ئۆچمەنلىكى، خەلقنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتكە بولغان تەشنالىقى ئىپادىلەنگەندى. بۇ تىياتىرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇلۇشى خەلق ئىچىدە، كۆچلۈك تەسىر قوزغاپ مەدەنىيەتكە - سەنئەتكە بولغان ئىنتىلىشنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

ئۈرۈمچى، غۇلجا قاتارلىق شەھەرلەردە تاتار ئۆيۈشمىلىرى تەرىپىدىن تاتار خەلقى ئارىسىدا «تاتار تىياتىر ئۆمەكلىرى» تەشكىللىنىپ تۈرلۈك دراما، پىيسا، كومېدىيىلەر قويۇلۇپ، ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا تەسىر قوزغىدى ۋە ئالقىشقا سازاۋەر بولدى.

ئۈرۈمچى، چۆچەك، غۇلجا شەھەرلىرىدىكى «تاتار تىياتىر ئۆمەكلىرى» تەرىپىدىن «باشماقچى»، «ئاسىل يار»، «غەلىيە بانۇ»، «سۆنگەن يۇلتۇز»، «كۆنلۈكچى ئەخمەت»، «تاھىر - زۆھرە» قاتارلىق كۆپلىگەن تاتارچە درامىلار ئارقا - ئارقىدىن چوڭ - چوڭ سەھنىلەردە قويۇلدى.

بۇ درامىلارنىڭ كۆپچىلىكىدە يىگىت - قىزلارنىڭ ساپ مۇھەببىتى تېما قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى تەڭسىزلىك ئېچىپ تاشلانغان. بەزى ئەسەرلەردە جەمئىيەتتىكى ناچار ئىللەتلەر پاش قىلىنغان. زالىم ئاچكۆز باي - ئەمەلدارلار مەسخىرە قىلىنغان، ئاق كۆڭۈل، ۋىجدانلىق ئەقىل - پاراسەتلىك

ئالىيجاناب كىشىلەر مەدھىيىلەنگەن. بۇنىڭغا «كۆڭلۈكچى ئەخمەت»، «تاپىلدىق»، «بۆلەك ئۈچۈن» دېگەن كومېدىيىلەرنى مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.

چۆچەكتىكى تاتار سەنئەت ھەۋەسكارلىرىدىن فەيزى راخمان غابدۇللىن ھەرمىللەت سەنئەت ھەۋەسكارلىرىنى يىغىپ، تۈرلۈك قىللىق (ئىستىرونلۇق) مۇزىكىلار ئوركېستىرىنى قۇردى ۋە ياشلارغا تۈرلۈك مۇزىكىلارنى ئورۇنلاشنى ئۆگەتتى. سەنئەت ھەۋەسكارى فوئات مۇناسىوف 1935 - يىلى ئۆزلۈكىدىن ماندالىن چېلىشنى ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن، ئەپپە، قاز قانات، ئاسىل يار، ئاققۇ مارشى، بەينەلمىلەل (ئىنتېرناتسىئونال)، ئىران مارشى، ئىسپانچە تانسا قاتارلىق تاتار، چەت ئەل مۇزىكىلىرىدىن ئەللىك مۇزىكىنى كىرگۈزۈپ نوتىغا سېلىپ چىقىپ «بىزنىڭ تاۋۇش» مەتبەئەسىدە باستۇرۇپ تارقاتقانىدى.

تاتار خەلقى ئۆز سەنئىتىنى ۋە تىياتىر ئىشلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش بىلەنلا قالماستىن يەنە قېرىنداش مىللەتلەردىن ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تىياتىرلىرىغا پائال قاتنىشىپ، سەھنىلىرىدە رول ئېلىپ، قېرىنداش مىللەت تىياتىرلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا زور ھەسسە قوشتى. بۇنىڭدا تاتار ئاياللىرىنىڭ رولى ھەممىدىن زور بولدى. ئۇيغۇر، ئۆزبېك خەلقلىرى ئارىسىدا ئۇزۇن يىللار داۋاملىشىپ كەلگەن فېئودالىزمنىڭ تەسىرى، فېئوداللىق ئادەتۋە كۆزقاراش ئېغىر بولغانلىقتىن ئاياللارنىڭ سەھنىگە چىقىپ ئويۇن قويۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بۇنداق شارائىتتا قۇرۇلغان ئۇيغۇر، ئۆزبېك «تىياتىر ئۆمەكلىرى» تىياتىر قويۇشتا زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەنىدى. تىياتىرلاردائاياللارنىڭ رولىغا، ئەرلەر چىقىشقا مەجبۇر بولغانىدى.

مانا شۇ چاغدا كۆپلىگەن تاتار قىز - ئاياللىرى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق تىياتىرلىرىدا قىز - ئاياللارنىڭ روللىرىغا چىقىش ئارقىلىق تۈرلۈك دىراما، ئوپېرالارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇلۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

فەرىدە ئەلىيېۋا — ھەر مىللەت تىياتىرلىرىدا تۈرلۈك روللارنى ئورۇنلاپ، تىياتىرچىلىق ئىشلىرىغا كۆپ ھەسسە قوشقۇچىلارنىڭ بىرى.

فەرىدە ئەلىيېۋا سەھنە ھاياتىنى چۆچەكتىكى چېغىدىلا باشلىغان بولۇپ، 1936 - يىلى ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كېلىپ تاتار تىياتىرىغا پائال قاتنىشىپ «ئاسىل يار»، «سۆنگەن يۇلتۇز»، «باشماغىم»، «غەلىيە بانۇ»، «كۈنلۈكچى ئەخمەت»، «يەشەرتۈ» قاتارلىق تاتار تىياتىرلىرىدا رول ئېلىپلا قالماستىن، «غېرىپ - سەنەم»، «پەرھات - شېرىن»، «ئانارگۈل»، «رابىيە سەئىدىن»، «چىن مودەن» قاتارلىق ئۇيغۇر تىياتىر، دىرامىلىرىدىمۇ باش رول ئالغانىدى. ھەمدە قازاق تىياتىرىدىمۇ «قىز - جىبەك»، «شوغا» قاتارلىق دىرامىلاردا باش رولنى ئورۇنلاپ، «شىنجاڭنىڭ بۇلبۇلى» دېگەن نامغا ئېرىشكەنىدى.

غۇلجا شەھىرىدە قۇرۇلغان ئۇيغۇر، ئۆزبېك تىياتىر ئۆمىكىدىمۇ تاتار قىزلىرىدىن فەرىدە، رازىيە، مەدىنە، مىنەۋۋەر، شاكور، مەۋرۇرەلەر سەھنىدە ئاساسى روللارنى ئېلىپ دىراما - ئوپېرالارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇلۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەنىدى.

غۇلجا شەھىرىدىكى ئۆزبېك شائىرى نەسرۇللا قارى (پەرھاتى) شۇ چاغدىكى ئۆزبېك تىياتىرى سەھنىسىدە ئويۇن قويغان ۋاقىتلارنى ئەسلەپ: «شۇ چاغدا قويۇلغان ئۆزبېك تىياتىرى «ئارزىگۈل»، «لەيلى - مەجنۇن»، «پەدەركۇچى» قاتارلىق دىراما - ئوپېرالاردا رولغا چىققان تاتار قىزلىرى ئۆزى چىققان روللارنى ئۇستىلىق بىلەن ئورۇنلىغان بولسىمۇ، سۆز-

لىرىدىن تاتار قىزلىرى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن ئۇيۇن كۆرگۈچى خەلق روللاردىكى ئارتىستكىلارنىڭ تاتار قىزلىرى ئىكەنلىكىنى بىلمۇۋالالايتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇيۇننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇلۇشىغا ھېچقانداق تەسىرى بولمايتتى،...»...دەيدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ھەر مىللەت مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن خەلق ئاممىسى تىياتىرنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە پائالىيەت ئىكەنلىكىنى بىلگەن ۋە كۆپلىگەن ھەرمىللەت قىز - ئاياللىرى ئارقا - ئارقىدىن سەھنىگە چىقىشقا باشلىغانىدى.

## 4. تاتارلارنىڭ شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى

تاتارخەلقى شىنجاڭنىڭ غۇلجا، چۆچەك، ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلىرىدە توپلىشىپ، ھەر قايسى ناھىيىلەردە تارقىلىپ ئولتۇراقلىشىش ئارقىلىق تاتار مىللىي مەدەنىيىتى بىلەن بىرگە ياۋروپانىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنىڭ ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىغا كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

بۇ دەۋرلەردە چىڭ خاندانلىقى ئاغدۇرۇلغان بولۇپ، ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي - ھەربىي ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئۆزىنىڭ مۇستەبىت ھاكىممۇتلەقلىق ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتقانىدى.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ياڭ زېڭشىن فېئودال مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنىڭ قاتتىق ئېزىشى ھەم خەلقنى نادانلىق ئىچىدە تۇتۇپ باشقۇرۇشى تۈپەيلىدىن ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە چەتنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە ئەمەس ئىدى.

شىنجاڭغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان تاتار خەلقى مائارىپ ئىشلىرى بىلەن كەڭ دائىرىدە شۇغۇللىنىش ئارقىلىق خەلقنى ئويغىتىپ، يېڭى ئىلغار مەدەنىيەتنى تونۇشتۇردى.

تاتارلار ئۆزلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ياۋروپانىڭ ئىلغار بىناكارلىق ئۇسۇلى بىلەن ئۆزىنىڭ مىللىي بىناكارلىق ئۇسۇلى بىرلەشكەن زامانىۋى كەڭ ئەينەك دېرىزىلىك، ئاستى - ئۈستى تاختايلىق ئۆي - جايلارنى سالدى. ئۇ، بۇ يەردىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىدە تەسىر قوزغىماي قالمىدى. شەھەرلەردە ياشاۋاتقان ھەر مىللەت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ تۆگلۈكلىك ۋە پەنجىرىلىك ئۆيلىرىنىڭ ئورنىغا تاتارلار سالغاندەك زامانىۋى ئۆيلەرنى سېلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ تەسىرى پەقەت شەھەرلىكلەر ئارىسىدىلا تارقىلىپ قالماي، يايلاق - قىشلاقلاردىكى قازاق خەلقى ئارىسىغىمۇ تارقالغانىدى. قازاق خەلقى مىللىي كىيىم - كېچەكلىرىنى نايمانچە، كېرەيچە دەپ ئاتايتتى. تاتارلاردىن تارقالغان يېڭىچە پاسوندىكى كىيىملەرنى زاڭچە دەپ ئاتىدى. ئەينى زاماندا ئىلى ۋىلايىتىدىكى قازاق خەلقى «مەدەنىي كىيىنگەن كىشىنى كۆرسە، نوغايچە كىيىپسەن» دېيىشەتتى.

1909 - يىللاردا غۇلجا شەھىرىگە كەلگەن تۇنجى فوتوگراف ئەكمەل ئابىزى ھەر مىللەت خەلقىنى سۈرەتكە تارتىش ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ سۈرەتلىك، ھۆججەتلىك خاتىرىسىنى قالدۇرۇپ، ئۆتكەن دەۋردىكى خەلق تۇرمۇشىنى ئۆگىنىش، تارىخنى تەتقىق قىلىشنىڭ قىممەتلىك ماتېرىيالى سۈپىتىدە بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلىشىگە ئاساس سالدى.

تاتار خەلقى ئۆز ھويلا - جايلىرىغا مونچا سېلىش بىلەنلا قالماي، ھەر قايسى جايلاردا ئاممىۋى مونچا سېلىش ئارقىلىق، خەلق ئارىسىدا مەدەنىي تازىلىق ئىشلىرىنىڭ ئومۇملىشىشىغا يول ئاچتى. مونچا خەلق تۇرمۇشىدا ئومۇملىشىپ، خەلق قوشاقلىرىدىمۇ:

ئۆستەڭ ياقىلاپ ماڭسام،
نوغايلارنىڭ مۇنچاسى.
كىچىككىنە يارىم بار،
قىزىل گۈلنىڭ غۇنچاسى.

دەپ تەرىپلىنىدىغان بولدى.

يېزا - قىشلاقلارغا تارقالغان تاتارلارمۇ مۇنچا قۇرۇپ مەدەنىي تازىلىق ئىشلىرىنى قازاق ۋە باشقا مىللەتلەر ئارىسىغىمۇ تارقاتتى. مەسىلەن: كونەسىنىڭ جارباسى دېگەن جايىدا، ئارال تۆپىنىڭ قوۋان شۆتكە دېگەن جايىدا، موڭغۇلكۈرەنىڭ چېكىرتى دېگەن جايىدا، قوبۇقسارىنىڭ بويروكتە ۋە «بېس قورجا» دېگەن جايىدا مۇنچا سېلىنغانىدى.

تاتار خەلقى ئارىسىدا تۈرلۈك مەدەنىي تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرىمۇ كەڭ ئەۋج ئالغان بولۇپ، ياز كۈنلىرى نامازشامغا يېقىن يېنىڭ هارۋىلار بىلەن، قىش كۈنلىرى ھەرخىل چانىلار بىلەن كوچىلاردا ئۆزئارا بەسلەشىپ بەيگە قىلاتتى. بۇنداق پائالىيەت شەھەر ئاممىسىنىڭ ھەۋەس بىلەن كۆرىدىغان بىرخىل قىزىقارلىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى بولۇپ قالاتتى.

غۇلجا تاتارلىرى گاراتكا (گاراتكى)، ۋالېبول قاتارلىق مەدەنىي تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرىنى باشلاپ بەرگەنىدى. بۇ پائالىيەتلەر ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت ياشلىرىنىڭ قىزغىن قاتنىشىپ، كۆڭۈل ئاچىدىغان ھەم بەدەن چېنىقتۇرىدىغان ئاساسلىق پائالىيەتلىرى بولۇپ قالغانىدى.

مىللىي ئاقارتىش ئۆيۈشمىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن مەدەنىي پائالىيەتلەر ئۇچۇن تېخىمۇ كەڭ يول ئېچىلىپ، مەكتەپلەردە تۈرلۈك كەچكى كۇرسلار ئېچىلغان. كۆپلىگەن تاتار ئوقۇتقۇچىلىرى بۇ كۇرسلاردا ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئىلىم - پەن مەدەنىيەتنىڭ ئومۇمىيلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن ھەر مىللەت

ياشلىرى، ھەر خىل ھۈنەر - سەنئەتنى ئىلىم ئارقىلىق ئىگىلىگەندى.

ئۈرۈمچى، چۆچەك، غۇلجا قاتارلىق شەھەرلەردىكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق قاتارلىق مىللەتلەر توي قىلسا. تاتارلارنىڭ توي مەركىسىدىكى ئالاھىدىلىكلەردىن پايدىلىنىدىغان، تاتارچە جىر - كۈيلەرنى ياقتۇرۇپ ئېيتىدىغان بولدى. ھەرمىللەت خەلقى تاتار خەلقى بىلەن قۇدا - باجا بولۇش ئارقىلىق، تاتار مەدەنىيىتى، تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭدۈردى. شۇنىڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭ خەلقى ئارىسىدا كەڭ دائىرىدە ئومۇملىشىپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مىللىي تۇرمۇش ئادەتلىرىگە ئايلاندى.

## ئۈچىنچى باب يېڭى دېموكراتىزملىق ئىنقىلاب مەزگىلىدىكى تاتارلار

### 1. غۇلجا تاتارلىرىنىڭ «8 - مارت» نامايىشى

1917 - يىلى، ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى غەلىبىگە ئېرىشىپ، ئىنسانىيەت تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچتى. ئوكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن ئېلىمىزدە «4 - ماي» ھەرىكىتى پارتلىدى. ئارقىدىنلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو خەلقى يېڭى دېموكراتىزملىق ئىنقىلاب باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ئوكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە خەۋىرى غۇلجىدىكى ھەرمىللەت خەلقى، جۈملىدىن تاتار خەلقىنى قانچە خۇشال قىلغان بولسا، يەرلىك ھۆكۈمەتنى ۋە چاررۇسىيە كونسۇلخانىسىدىكى دېپلوماتىك خادىملارنى شۇنچە ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ئەكسىيەتچىلەر ئالدىراپ - تېنەپ، بۇ خۇش خەۋەرنى قامال قىلىپ، خەلقنى بۇ ئۇلۇغ غەلىبىدىن خەۋەرسىز قالدۇرۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ خۇش خەۋەر خەلق ئارىسىغا ناھايىتى تېز تارقالدى.

بۇ غالىبىيەت خەۋىرى غۇلجا شەھىرىدىكى كۆپلىگەن ئىلغار ئىدىيىدىكى تەرەققىيپەرۋەر تاتار زىيالىيلىرى ۋە خەلقلىرىگە زور ئىلھام بەردى.

شۇ مەزگىلدە قازان دارىلفۇنونىدا ئوقۇغان ۋە شۇ جەرياندا ماركسىزم - لېنىنىزمنى ئۆگەنگەن ۋە ماركسىزمغا ئېتىقاد باغلىغان غارىپ غابىتوۋ «مەكتەبى نۇر» نىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى. ئۇ ئوكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىدىن زور ئىلھام

ۋە مەدەت ئېلىپ غۇلجىدىكى «مەكتەبى نۇر» نى ئاساس قىلغان ھالدا تاتار زىيالىيلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلىرىنى تەشكىللەپ، 1918 ـ يىلى «8 ـ مارت» ئاياللار بايرىمى كۈنى نامايىش ئۆتكۈزۈشنى بەلگىلىدى. ياش ئوقۇتقۇچى ئەسمە ئەختەمىيە باشلىق تۆت تاتار قىزىنى نامايىشتا ئاياللارنىڭ ئازادلىقى ھەققىدە نۇتۇق سۆزلەشكە ئۇيۇشتۇردى.

«8 ـ مارت» كۈنى غارىپ غابىتوۋ «مەكتەبى نۇر» نىڭ بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ۋە خەلق ئاممىسىدىن مىڭغا يېقىن نامايىشچى ئاممىنى باشلاپ، تاتارچە، رۇسچە «ياشىسۇن سوۋېت جۇمھۇرىيىتى»، «ياشىسۇن ئىشچى خەلق» دېگەن شوئارلار يېزىلغان لوزۇنكا، قىزىل بايراقلارنى كۆتۈرگەن ھالدا رەتلىك تىزىلىپ نامايىش ئۆتكۈزدى. ئۇلار يول بويى ئۆزلىرى تەييارلىغان تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تارقىتىپ، ئالما بازىرىدىكى چارروسىيە كونسۇلخانىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا توپلىنىپ، ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى تەبرىكلىدى. ئوت يۈرەك تاتار قىزى ئەسمە ئەختەمىيە نامايىشچى خەلق ئاممىسىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئېگىز ئۈستەلگە چىقىپ، نۇتۇق سۆزلەپ، خەلقنى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىدىن ئۆلگە ئېلىشقا، ئاياللارنى قوزغىلىپ فېئودالىزمنىڭ ئۆز ئۈستىلىرىدىكى دەھشەتلىك زۇلمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا، ئۆز ئەركىنلىكلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىردى.

بۇ چاغدا نامايىشتىن خەۋەر تېپىپ، قاتتىق ھودۇققان فېئودال ئىستىبدات ھۆكۈمەت شەھەرنى لەرزىگە سالغان ھەيۋەتلىك نامايىشنى باستۇرۇش ئۈچۈن، نادان مۇتەئەسسىپ موللىلارنىڭ باشچىلىقىدا كۆپلىگەن چوماقچىلارنى ئىشقا سېلىپ، قۇرۇق قول نامايىشچى ئاممىنى توقماق ـ كالتەكلەر بىلەن دۇمبالاپ تارقىلىپ كېتىشكە مەجبۇرلايدۇ. نامايىش گەرچە ۋاقتىنچە توختىغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ كۈنى كەچتە «مەكتەبى نۇر» نىڭ زالىدا

ئەسمە ئەختەمىيەنىڭ يەنە نۇتۇق سۆزلەيدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلۇپ ئاندىن تارقىلىدۇ.

كەچ كىرىش بىلەن «مەكتەبى نۇر» نىڭ زالى تاتار، ئۇيغۇر، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ خوتۇن - قىزلىرى بىلەن لىق تولىدۇ. ئەسمە ئەختەمىيە ئوتتۇرىغا چىقىپ، يالقۇنلۇق نۇتۇق سۆزلەشكە باشلايدۇ. ئۇ، ئۆز نۇتقىدا: «8 - مارت» خەلقئارا ئاياللار بايرىمىنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ، خوتۇن - قىزلارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىملىقىنى، ھەرمىللەت خوتۇن - قىزلىرىنىڭ كونا فېئودال ئىستىبدات تۈزۈمىدىكى جەمئىيەتتە، ئەركىنلىكتىن، ھوقۇقتىن مەھرۇم بولۇپ، ئېگىزتاملار ئىچىدە قامىلىپ ياشاۋاتقانلىقى، كوچىلاردا قېلىن چۈمبەل تارتىپ، چاپانلارغا پۈركىنىپ يۈرۈشكە مەجبۇرلىنىپ، كەڭ زېمىندا مەھبۇسلاردەك ياشاپ، ئۆز تەقدىرىگە ئۆزى ئىگە بولالماي، مال ئورنىدا سېتىلىپ، قۇلدەك ئېزىلىپ خارلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدە ھەمدە فېئودال ئىستىبدات ھاكىمىيەتنىڭ قوللىشى بىلەن نادان موللىلارنىڭ خوتۇن - قىزلارنىڭ مەكتەپلەردە بىلىم ئېلىشىغا يول قويماۋاتقانلىقى ھەققىدە سۆزلەيدۇ. ئۇ ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت ئاياللىرىنى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئۈلگە ئېلىپ، ئۆز ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە، فېئودال ئىستىبدات تۈزۈمىنى ۋە ئۇنىڭ زۇلمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا چاقىرىدۇ.

ئەسمە ئەختەمىيەنىڭ يالقۇنلۇق ۋە تەسىرلىك نۇتقى شۇ مەيداندىكى كۆپلىگەن ئۇيغۇر، ئۆزبېك خوتۇن - قىزلىرىنىڭ يۈرىكىگە ئىسيانكارلىق ئوتىنى تۇتاشتۇرىدۇ. قاتتىق خارلانغان ھەرمىللەت خوتۇن - قىزلىرى بۇ نۇتۇقنىڭ تەسىرىدە شۇ مەيداندىلا ئۆز ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلىنىپ، يۈزلىرىدىكى چۈمبەل - پۈركەنجىلىرىنى، ئارتىۋالغان پەرەنجىلىرىنى ئېلىپ، يىرتىپ - تىتىپ تاشلايدۇ.

يىغىن مەيدانىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان جاسۇسلار ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتكە بارلىق ئەھۋالنى مەلۇم قىلىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ئادەم ئەۋەتىپ، يېرىم كېچىدە مەخپىي كېلىپ ئەسمە ئەختەمىيەنى تۇتۇپ كېتىدۇ. غارىپ غابىتوۋمۇ شۇ كېچىدىن باشلاپ دېرەكسىز غايىپ بولىدۇ.

ئەتىسى ئەسمە ئەختەمىيەنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئوقۇتقۇچىلار توت قىز ئوقۇغۇچىنى تۈرمىگە ئەسمە ئەختەمىيەنى يوقلاپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. قىز ئوقۇغۇچىلار تۈرمىگە بارغاندا گۈندىپايلار ئەسمە ئەختەمىيەنى يەرئاستى تۈرمىسىدىن ئېلىپ چىقىپ كۆرۈشتۈرىدۇ. ئەتىسى يەنە ئاشۇ توت قىز ئەسمە ئەختەمىيەنى يوقلاپ بارىدۇ ۋە ئۇنى چاچلىرى قىرقىپ تاشلانغان، چىرايى سولغۇن ھالدا كۆرىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ قاتتىق قىيىن قىستاققا ئېلىنغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. بۇ قېتىم گۈندىپايلار ئۇلارنى سۆزلەشكىلى قويمايدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئەسمە ئەختەمىيەنى ھېچكىم بىلەن كۆرۈشتۈرمەيدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنى تۆمۈر قەپەزگە سولاپ ھارۋا بىلەن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە خەۋەر ئاڭلىنىدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ، غارىپ غابىتوۋ بىلەن ئەسمە ئەختەمىيەنىڭ تەقدىرى يېشىلمىگەن سىر بولۇپ قالىدۇ.

ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماستىن، شۇ دەۋردىكى زىيالىيلار، ئىلغار زاتلار ئۈستىدىن ھەر خىل پىتنە-ئىغۋالارنى تارقىتىپ، ئۇلارنى «جەدىت، مۇناپىقلار»، دەپ ھاقارەتلەيدۇ، تەقىپ قىلىدۇ. نامايىشنىڭ ئاساسلىق تەشكىللىگۈچىلىرى دەپ گۇمان قىلىنغان ئىلغار تاتار زىيالىيلىرىنى تەقىپ قىلىپ، ئۇلارنى ئېلىمىزنىڭ بۇ زېمىنىدا تۇرغۇزماي، ئىلاجىسىز چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. بىلىم مەشئىلى بولغان «نۇر» قىرائەتخانىسىدىكى كۆپلىگەن ئىلغار كىتابلار «قىزىل كىتابلار»، «سېرىق كىتابلار» دەپ قارىلىپ، مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

گەرچە بۇ نامايىش يېتەرلىك نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، ئەينى زاماندا ئۇنىڭ ئەھمىيىتى، تەسىرى زور بولۇپ، خەلقنى ئويغىتىش، تەربىيىلەش ۋە قوزغىتىش رولىنى ئوينىدى، شۇنداقلا ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي روھىغا ئىلھام بەردى، ئۇلارغا قوزغىلىپ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئۈچۈن، كەڭ ئامما بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇش كېرەكلىكىنى تونۇتتى. شۇڭا بۇ قېتىمقى نامايىش، يىغىلىش ئىستىبدات ھاكىمىيەتنى غال - غال تىترىتىپ، ئۇلارنى قاتتىق ھودۇقتۇرۇۋەتتى. شەرەپلىك ئىنقىلابى كۈرەش تارىخىغا ئىگە تاتار خەلقى، ھەرمىللەت خەلقى بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، شېڭ شىسەي، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشتە ئاۋانگارتلاردىن بولۇپ قالدى.

## 2. نوغاي گورت (نوۋىي گورت) نىڭ قۇرۇلۇشى

شۇ چاغلاردا، غۇلجا شەھىرىدىكى تاتارلار باشقا جايلاردىكى تاتارلارغا قارىغاندا، كۆپ سانىنى تەشكىل قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، غۇلجا شەھىرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان تاتارلارنىڭ نوپۇسىمۇ تەبىئىي يوسۇندا كۆپىيىۋەتكەنىدى.

1920 - يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، غۇلجا شەھىرىدە ئولتۇراقلاشقان تاتارلار غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىدىكى بىر پارچە بوش جاينى سېتىۋالدۇ ۋە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى تەشكىللەپ ۋە لايىھىلىگۈچىلەرنى تەكلىپ قىلىپ، ئەتراپلىق، ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلاپ، يېڭى شەھەر قۇرۇپ چىقىدۇ. ئەتراپلىق لايىھىلەش ئارقىلىق قۇرۇلغان بۇ شەھەر ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىدى.

بىرىنچىدىن، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ئاساسى غول كوچا (ھازىرقى خەلق باغچىسىدىن ستالىن مەكتىپىگىچە بولغان

ستالىن كوچىسى) غەربكە ئۇدۇل قىلىپ ئېلىنغانىدى. غول ۋە تارماق كوچىلارمۇ بىردەك كەڭلىكتە تۈپتۈز قىلىپ ئېلىنغانىدى. يولنىڭ ئىككى يېقىغا ئېلىنغان ئېرىق ياقىسى دەل - دەرەخ تىكىپ كۆكەرتىلگەنىدى. بۇنىڭ بىلەن بىر تەرەپتىن يوللاردىكى قار - يامغۇر سۇلىرىنىڭ ئېقىپ كېتىشى كۆزدە تۇتۇلغان، يەنە بىر تەرەپتىن شەھەردە كەڭ كۆلەملىك كۆكەرتىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا ياخشى شارائىت هازىرلاپ بېرىلىپ، شەھەرنى گۈزەللەشتۈرۈش، مۇھىتنى ياخشىلاش ئىشقا ئاشۇرۇلغانىدى.

ئىككىنچىدىن، هويلا - ئارام قۇرۇشتا شەھەرنى گۈزەللەشتۈرۈش ئاساسلىق شەرت ۋە مەجبۇرىيەت قىلىنغان بولۇپ، ئۆيلەر كوچا ياقىسىغا پىلانلىق هالدا بىر سىزىق بويىچە تۈز، تەكشى سېلىنغانىدى. سېلىنغان هەر بىر ئۆينىڭ ئۆلى كۆك خىشتىن كۆركەم نەقىش چىقىرىلىپ، دېرىزىگىچە قوپۇرۇلغان ۋە دېرىزىلەرگە نەقىش چىقىرىلغان ياغاچ قاپقاقلار بېكىتىلگەن بولۇپ، كوچىغا قارىغان بۇ دېرىزىلەر كۈندۈزى ئوچۇق تۇراتتى، كېچىسى هەم يېپىلىپ ئۆينىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش رولىنى ئوينايتتى، ئۆينىڭ ئۈستىگە، گۈزەل نەقىش ئويۇلغان خىشلار بىلەن گارنىز چىقىرىلغان ۋە تاملار ئاقارتىلغان بولۇپ، شەھەرنىڭ گۈزەللىكىنى تېخىمۇ ئاشۇراتتى. هەر بىر هويلىنىڭ بىرخىل ئۇسلۇبتىكى «نوغايچە قاپقا» دەپ ئاتىلىدىغان يېنىك ۋە ئەپچىل دەرۋازىلىرى بولاتتى. ئۇلارمۇ بىرخىل گۈزەل مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە ئىدى.

ئۈچىنچىدىن، تاتار بالىلىرىنىڭ ئوقۇپ بىلىم ئېلىشى ۋە تاتار موسىپىتلىرىنىڭ ناماز ئوقۇشىغا ئاسان بولۇشى ئۈچۈن، نوغاي گورتىنىڭ ئەڭ ياخشى، مەركىزى قىسمىغا مەكتەپ، مەسچىت سېلىنغانىدى.

تۆتىنچىدىن، هەربىر هويلا ئازادە بولۇپ، هويلىدا ئۆي، ئاشخانا، مۇنچا، ئامبار، ئېغىل (قوتان) ۋە باغچا بارئىدى.

ھەربىر ھويلىدىكى ئۆيلەر ئاستى - ئۈستى تاختايلىق بول-غاچقا، ياكى تورۇسى لاي بىلەن تەكشى سۇۋالغاچقا، ئۆي ئىچى ئازادە، يورۇق ۋە پاكىز بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلغانىدى. ئۆيلەر بىر يۈرۈش سېلىنغان بولۇپ، دالان ئۆي، ئوتتۇرا ئۆي، مېھمانخانا، ياتاق ئۆيلەردىن تەركىب تاپقانىدى. ئۆيلەرگە قىش-تا ئۆينى ئىسسىتىش ئۈچۈن كانتىرماركا① پېچلىرى سېلىنغا-نىدى. كانتىرماركا پېچلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى كۆپ بولۇپ، ئۆينى ياخشى ئىسسىتاتتى، ھارارىتىنى خېلى ئۇزۇنغىچە بىر خىل ساقلىغىلى بولاتتى؛ ئوت كېتىش، ئىس چىقىش، ئىس ئېپ-كېتىش، كۆل - چاڭ توزۇشتەك ئىشلاردىن ساقلانغىلى بولاتتى؛ بىر پېچ ئارقىلىق بىرنەچچە ئۆي ئىسسىتىلىپ، يېقىلغۇ تېجەپ قىلىناتتى.

نوغاي گورتىنىڭ دائىرىسى شەرقى تەرەپتە ھازىرقى «دوستـ-لۇق» دوختۇرخانىسى ئەتراپىدىن باشلىنىپ، غەربتە ھازىرقى خەلق باغچىسى (ۋاڭ قادىرنىڭ بېغى) غىچە، جەنۇب تەرىپى ستالىن كوچى-سىنىڭ جەنۇبىي يېقىدىن، شىمالىي تەرىپى ئازادلىق كوچىسى (ئۈچ دەرۋازا) غىچە تۇتىشاتتى. كېيىن تاتارلارنىڭ ئۇزلۇكسىز كۆپييىشى بىلەن، ئازادلىق كوچىسىنىڭ شەرقىي، شىمالغا توغرا كېلىدىغان ئالتە شوئار مەھەللىسىگىچە كېڭەيگەنىدى.

بۇ يېڭىدىن قۇرۇلغان تاتار شەھەرچىسى غۇلجا شەھىرىدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە مەدەنىي ئۆي - جاي، ئىمارەتلەرنى سېلىشتا ئۈلگە تىكلەپ بەرگەنىدى.

غۇلجىدىكى ھەرمىللەت خەلقى ئاشۇ يىللاردا نوغاي گورت-تىكى ئۆيلەرنىڭ ئۈلگىسىدىن پايدىلىنىپ ئۆي - ئىمارەتلەرنى سېلىپلا قالماستىن، ھازىرمۇ يېڭى ئۆي - ئىمارەت سېلىشتا شۇ

① كانتىرماركا پېچى — ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا قاڭالتىر بىلەن يۆ-گەپ سېلىنغان ۋە بىر نەچچە ئېغىز ئۆينى بىرلا ۋاقىتتا ئىسسىتالاي-دىغان تام مەشلىرىنىڭ نامى.

ئۆيلەرنىڭ ئۆلگىسىدىن پايدىلانماقتا. بۇنداق ئۆلگىدە سېلىنغان
ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى ئىلى رايونىدىلا ئەمەس، بەلكى شىمالىي
شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ ئۇچرىتىش مۇمكىن. بۇمۇ ئەمگەكـ
چان، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، تۇرمۇشنى ۋە گۈزەللىكنى سۆيىدىـ
غان تاتار خەلقىنىڭ ۋەتىنىمىزنى قۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشتە
كۆرسەتكەن تۆھپىسىنىڭ مۇھىم ناماياندىسىدۇر.

### 3. تاتار خەلقىنىڭ شېڭ شىسەي، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشتە ئوينىغان رولى

1941 ـ يىلى، گېرمانىيە فاشىستلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاشـ
كارا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. ياپونىيە جاھانگىرلىكىمۇ ۋەتىنىمىزـ
گە قاراتقان تاجاۋۇزچىلىقىنى كۈچەيتىپ، شەرقىي ـ شىمالنى، شىـ
مالىي جۇڭگونى بېسىۋالدى. ئىچكى ئۆلكىلەرگىمۇ بېسىپ كىردى.
ئىچكى جەھەتتىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋەتەن ساتقۇچلۇق سىياـ
سىتىنى يۈرگۈزۈپ، مىللىي بىرلىكسەپنى بۇزۇپ، كوممۇنىستىك پارـ
تىيە بىلەن گومىنداڭ ھەمكارلىقىنى بىكار قىلىپ، كومپارتىيىگە،
خەلققە قارشى ئىچكى ئۇرۇش قوزغىدى. جۇڭگو خەلقىنى ئىچكى
ئۇرۇشقا قايتىدىن سۆرەپ كىردى.

ئەزەلدىن ئىككى يۈزلىمىلىك بىلەن جان بېقىپ كەلگەن
شېڭ شىسەي ئاررا تۇتۇپ كەتكەن بىر قارا نىيەت ۋە زالىم دۇسـ
تەبىت ئىدى. ئۇ: «ئەمدى پۇرسەت كەلدى» دەپ بىلىپ، ئۆـ
زىنىڭ رەزىل ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، «ئۈچ بىرلىـ
شىش» تونىنى چۆرۈپ تاشلاپ، جاللاتلىق تىغىنى ئاشكارا كۆـ
تۈرۈپ چىقتى. شېڭ شىسەي 1937 ـ يىلىدىن باشلاپ قانلىق
قىرغىنچىلىقنى باشلىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ، 1942 ـ يىلىغىچە
شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان ئادەم 100 مىڭدىن ئېـ
شىپ كەتتى. كوممۇنىستلار، دېموكراتىك تەرەققىيپەرۋەر زاتلار،

ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يولباشچىلىرى ۋە زىيالىيلىرىنى تۈركۈم - تۈركۈملەپ تۈرمىگە تاشلىدى، گۇمان قىلىنغان ھەر قانداق كىشى زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، نەزەربەنت ئاستىغا ئېلىندى. ئۇلارغا: «جاھانگىرلارنىڭ جاسۇسى»، «خائىن»، «گۇمانلىق ئۇنسۇر» دېگەن بەدناملار چاپلىنىپ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكى تالان - تاراج قىلىندى ۋە مۇسادىر قىلىندى. ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى سۈرگۈن قىلىندى. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، تۈرمىگە تاشلانغان، ئۆلتۈرۈلگەن، مال - مۈلكى تالان - تاراج قىلىنغانلار ئىچىدە تاتارلارنىڭ كۆپلىگەن تەرەققىيپەرۋەر زاتلىرى، زىيالىيلىرى، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى، سودا - سانائەتچىلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلارمۇ ھەرمىللەت خەلقىگە ئوخشاش، ھەرخىل بەدناملار بىلەن قارىلىنىپ، دەھشەتلىك مىللىي زۇلۇمغا دۇچار قىلىندى.

1942 - يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى ئەنئەنىۋى مەنپەئەتدارلىق سودا مۇناسىۋىتى ئۈزۈلدى، شۇنىڭ بىلەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن چىقىدىغان يەرلىك مەھسۇلاتلار سېتىلماي قالغانلىقتىن، ئىجتىمائىي ئىگىلىك قاتتىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى نابۇت قىلىندى، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى تىرىشىپ بەرپا قىلغان ئىلغار تەشكىلاتلار ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى ۋەيران قىلىندى. ئىلغار ئوقۇتۇش مەزمۇنلىرى چىقىرىپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى فاشىستلىق، قۇللۇق تەربىيىسى ئالدى. ھەرمىللەت مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ تەشكىلىمۇ ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنىڭ ھوقۇقى فېئودال پومېشچىكلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. مىللىي زۇلۇم، مىللىي تەڭسىزلىك تۈپەيلىدىن ھەرمىللەت خەلقى سىياسىي جەھەتتە قاتتىق ئېزىلىپ، دېموكراتىك ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىندى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى مىللىي زۇلۇم، تەڭسىزلىك جەھەتتە شېڭ

شىسەيدىنمۇ ئاشۇرۇۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى-
لىرىگە بولغان قارشىلىق كۈندىن - كۈنگە كۈچەيدى. جۇڭگو كوممۇ-
نىستلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
تەسىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچى-
لىرىگە قارشى ئىنقىلاب ئوتىنىڭ ئۇلغىيىشىدا ئۆز رولىنى كۆرسەتتى.
ئىلىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدىن باشلانغان قوزغىلاڭ ئەنە شۇ خەلق
قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنىڭ تۇنجى ئوقى، جاراڭلىق
ئاۋازى. ئىلىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا
ئاساسلىق رول ئوينىدى. شەرەپلىك ئىنقىلابىي كۈرەش تارىخىغا
ئىگە تاتار خەلقىمۇ بۇ كۈرەشكە ئۆزلىرىنىڭ كۆپلىگەن ئوغۇل - قىزلى-
رىنى ئاتلاندۇردى، ئىنقىلاب غەلىبىسى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
كېلەچەك بەخت - سائادىتى ۋە مىللەتلەرنىڭ تەڭ - بارا-
ۋەرلىكى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرىنى ئاققۇزۇپ، ئە-
زىز جانلىرىنى پىدا قىلىپ، باتۇرلارچە كۈرەش قىلىپ، ئاجايىپ
تۆھپىلەرنى قوشتى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەسلەپتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى
ھۆكۈمىتىنىڭ نىلقا دېھقان، چارۋىچىلىرىنى ئات تەقدىم قىلىشقا
مەجبۇرلىشى بىلەن قوزغالغانىدى. ئات تەقدىم قىلىش — قىپيالىڭ-
غاچ بۇلاڭچىلىق بولۇپ، خەلقنىڭ قاتتىق غەزىپى ۋە نارازىلى-
قىنى قوزغىدى. 1944 - يىلى 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى نىلقا نا-
ھىيىسىدە ئاتنى قەرەللىدە تاپشۇرالماي، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت
تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىش ئالدىدا تۇرغان بىر قىسىم چارۋىچىلار
ئات تەقدىم قىلىشقا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، شۇ
يەردىكى ئەسكەر، ساقچىلارغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، 10 -
ئاينىڭ 6 - كۈنى نىلقا ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچىنى ئىشغال قىلدى.

نىلقا قوزغىلىڭى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىن-
داڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشكە ئوت تۇتاشتۇرغۇچى پىلى-
تە بولدى. بۇ قوزغىلاڭنىڭ ئىلھامى بىلەن غۇلجا خەلقىمۇ قورال-

لىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، غۇلجا شەھىرىنى ئازاد قىلدى. ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى خەلقنىڭ ھەققانىي ئىنقىلابى كۈرەشىنى باستۇرماقچى بولدى. لېكىن قۇدرەتلىك خەلق ئىنقىلابىنىڭ دولقۇنىنى توسۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي سۈيدۈڭ، چاپچال، قورغاس، بۆرتالا، ئارشاڭ، موڭغۇلكۈرە قاتارلىق ناھىيىلەرمۇ قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئازاد قىلىندى. مانا مۇشۇنداق ھەيۋەتلىك قوشۇن ئىچىدە تاتارخەلقى ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كۈرەش قىلدى. نىلقا ناھىيىسىنى ئازاد قىلىشنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدىلا زور قۇربانلار بېرىلدى. ئىنقىلابى قۇربان خەمىت مۇسلىم ئەنە شۇلارنىڭ بىرى. 1944 - يىلى 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يېرىم كېچىدە نىلقا بازىرىغا ھۇجۇم باشلىنىدۇ، جەڭدە مەغلۇپ بولغان گومىنداڭچىلار ساقچى ئىدارىسىگە بېكىنىۋېلىپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. خەمىت مۇسلىم دۈشمەننىڭ قورغىنى بولغان ساقچى مەھكىمىسىنى ئېلىش ئۇرۇشىغا ئۆزى بىۋاستە قاتنىشىدۇ ۋە قوماندانلىق قىلىدۇ. ئۇ، ئىككى قازاق جەڭچىنى باشلاپ، ساقچى دەرۋازىسىغا قوراي دۆۋىلەپ، كىرىسىن چېچىپ ئوت قويىدۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا دۈشمەن تەرىپىدىن تاشلانغان گرانات ئىككى قازاق جەڭچىسىنىڭ ئالدىغا چۈشىدۇ، خەمىت مۇسلىم جەڭچىلەرنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئېتىلىپ بېرىپ گراناتنى قولىغا ئېلىپ، ياندۇرۇپ دۈشمەنگە تاشلىماقچى بولغىنىدا، گرانات قولىدا پارتلاپ كېتىپ، ئېغىر يارىلىنىدۇ. خەمىت مۇسلىم يارىلىنىپ 9 - كۈنى بەختكە قارشى ۋاپات بولىدۇ.

1944 - يىلى 11 - ئايدا ئىلىدا ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. 1945 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مۇنتىزىم قوراللىق قوشۇن — مىللىي ئارمىيە تەشكىل قىلىندى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى كەينى - كەينىدىن مىللىي ئارمىيە تەرىپىدىن ئازاد قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى كۈرىشىنىڭ ئوت يالقۇنى تىيانشاننىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىنى قاپلىدى.

ھەرقايسى جايلاردا قانات يايدۇرۇلغان كۈرەش سەپلىرىگە ھەرمىللەت خەلقى بىلەن بىللە، تاتارلارمۇ ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئىنقىلابنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا كۈچ قوشتى. خەمىت يۇنۇچى ئەنە شۇلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ، غۇلجا شەھىرىدىكى مەركىزىي تەشكىلاتنىڭ ئىشتىراكچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزى باشقۇرۇپ تۇرغان «ئىلى گېزىتى» دىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، گېزىتخانىدىكى تولايلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، خەلقنى ئىنقىلاب قىلىشقا دەۋەت قىلىدىغان تۈرلۈك تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى بېسىپ تارقاتتى، خەلقنى قوزغىلاڭ قىلىشقا چاقىردى، ئۇلارنى ئويغاتتى. ئۇ ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا، ھۆكۈمەت تەركىبىگە كىرىپ، مائارىپقا مەسئۇل بولدى. 1945 - يىلى فېۋرالدا، ھەرەمباغ ئەتراپىدىكى خەلق ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە ئېھتىياتسىزلىقتىن يۇقۇملۇنۇپ داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، 19 - فېۋرال كۈنى 39 يېشىدا ۋاپات بولدى. ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ئۇنىڭ ئىنقىلابقا قوشقان تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بېرىپ، ئىنقىلابنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلىدى.

جەڭ مەيدانلىرىغا ئاتلانغان تاتار خەلق پەرزەنتلىرى ئالدىنقى سەپلەردە كوماندىر، جەڭچى، شەپقەت ھەمشىرىسى (سېستىرا)، ھەربىي دوختۇر، ھەربىي لاۋازىمەتچى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى يۇقىرى دەرىجىلىك كوماندىر، مەمۇرىي يېتەكچى، قابىلىيەتلىك رەھبەرلەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان تاتار قىزلىرى شەپقەت ھەمشىرىسى بولۇپ، فرونتتا ياردارلارنى قۇتقۇزۇشقا قاتناشتى. سۈيدۈڭلۈك پاتىمە جەڭ مەيدانىدا، ياردار جەڭچىلەرنى قۇتقۇزۇش ۋاقتىدا قۇربان بولغانىدى. كەڭ ئارقا سەپتىكى تاتار ئەمگەكچى خەلقى ئىنقىلابنىڭ ئۇزۇل - كېسىل غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن، ماددىي - مەنىۋى ياردەمدە بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك ھەسسىلىرىنى قوشتى.

## بەشىنچى باب سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى تاتارلار

### 1. تاتارلارنىڭ تاڭ نۇرىغا ئېرىشىشى

تاتار خەلقى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە ئوخشاش گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلمى ئاستىدا، ناھايىتى ئېغىر كۈنلەرنى ئۆز باشلىرىدىن كەچۈردى.

شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەربىي، ساقچىلىرىنىڭ توختىماي قىلىشى، بۇلاپ ـ تالىشى ۋە بوزەك قىلىشىغا ئۇچراپ تۇراتتى. ھەرمىللەت خەلقى بىلەن تەقدىرداش بولغان تاتار خەلقىمۇ مۇشۇنداق بالايىئاپەتتىن خالى ئەمەسىدى، زۇلۇم ئازابىدىن قىينىلاتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان سودا بىر مەزگىل توختاپ قالغانلىقى ۋە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ چەكىك سىياسىتى تۈپەيلىدىن تۇرمۇشقا كېرەكلىك ماددىي بۇيۇملار كەمچىل بولۇپ، پۇل پاخاللىشىپ، مال باھاسى ئۆرلەپ كەتتى. ھەرمىللەت خەلقى بىلەن بىللە، تاتار خەلقىنىڭمۇ ئىقتىسادىي ئەھۋالى قىيىنلاشتى. شۇ ۋاقىتتىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ يۈرگۈزگەن ئىقتىسادىي سىياسىتى تۈپەيلىدىن پۇلنىڭ كۇرسى چۈشۈپ، باھا كۈندە بىرخىل بولۇپ تۇردى. ھۆكۈمەت تارقاتقان قەغەز پۇل ئۆز قىممىتىنى يوقىتىپ، كېرەكسىز قەغەزگە ئايلانغانىدى. ئاخىرى بۇ پۇللارمۇ ئۆتمەس بولۇپ، خەلق مالغا مالنى ئالماشتۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ماللارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن ئىشەنچلىكى چاي بولۇپ، كەڭ خەلق ئامال قىلىپ پۇل ئورنىغا چاي يىغىپ، چاي ساقلايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغانىدى.

شۇڭا شەھەرلەردىكى ۋە باشقا جايلاردىكى تاتار سودىگەرلىرى سوزۇپ ياكى چوڭ زىيان تارتىپ، تىجارىتىنى توختىتىپ،

دۇكانلىرىنى تاقاشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئالتاي، چۆچەك ۋىلايەتلىرىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى ناھىيىلىرىدە، بولۇپمۇ گۇچۇڭ ناھىيىسىدىكى تاتار دېھقان - چارۋىچىلىرىنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىر ئىدى. ئوسمان باندىتلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىگە قارشى چىقىپ، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئاتتى. ئۇلار ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ناھىيىلىرىدە ۋە گۇچۇڭ، جىمسار، مورى قاتارلىق ناھىيىلەردە بۇلاڭچىلىق قىلىپ، ئادەم ئۆلتۈرۈپ، ھەرمىللەت خەلقى بىلەن بىللە تاتار دېھقان - چارۋىچىلىرىنىڭ بېشىغا كۆپ كۈلپەتلەرنى سالدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى جان ۋە مال - مۈلكىنى ساقلاش ئۈچۈن قېچىپ يۈرۈپ، توزۇپ - چېچىلىپ، خانىۋەيران بولۇپ كەتتى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنىڭ قاتمۇ - قات زۇلمى، ئېكسپىلاتاتسىيىسىدىن بىزار بولغان شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى زۇلۇم تېگىنىڭ ئۆز ئۈستىلىرىدىن ئاغدۇرۇلۇشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئازادلىق تېڭىغا تەلپۈنەتتى.

شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى مانا شۇنداق ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بىر چاغدا، شىنجاڭ ئازاد بولدى. شۇنىڭ بىلەن تاتار خەلقىمۇ ۋەتىنىمىزنىڭ بارلىق مىللەتلىرى قاتارىدا مەملىكىتىمىزنىڭ تەڭ ھوقۇقلۇق ئەزاسىغا ئايلاندى.

كەڭ تاتار خەلقى پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقىدىن بەھرىمەن بولدى. ئالتاي ۋىلايىتى ۋە گۇچۇڭ ناھىيىسى تەۋەسىدىكى باندىتلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى تۈپەيلىدىن ۋەيران بولغان تاتار دېھقان - چارۋىچىلىرى دۆلەتنىڭ كۆپلىگەن قۇتقۇزۇش پۇللىرىغا ھەم تارقاتقان ماددىي ئەشيالىرىغا ئىگە بولدى. دۆلەت يەنە كەڭ تاتار چارۋىچىلىرى ۋە دېھقانلىرىغا كۆپلەپ قەرز پۇل تارقىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىگىلىكلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە ياردەم قىلدى. دۆلەتنىڭ بۇنداق چوڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن تاتار دېھقان - چارۋىچىلىرى تېز ئارىدىلا ئۆز ئىگىلىكلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ،

قەددىنى رۇسلىۋېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. ھال - ئەھۋالى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىپ، باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشىشكە باشلىدى.

## 2. تاتار خەلقىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى سىياسىي - ئىجتىمائىي ئورنى

پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا تاتار خەلقىنىڭمۇ جەمئىيەتتە تۇتقان سىياسىي - ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى بولدى.

پارتىيە كۆپلىگەن تاتار خادىملىرىنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن، كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. 1950 - يىلى تاتارلاردىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان ئادەم بىر نەپەر بولسا، 1953 - يىلىغا كەلگەندە، 29 نەپەرگە يەتتى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت تاتار ياشلىرىنى تەربىيىلەپ ۋە يېتەكلەپ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ قوينىغا ئېلىپ كىردى.

پارتىيىمىز يەنە كۆپلىگەن تاتار زىيالىيلىرىنى مەركەز ۋە جايلاردىكى پارتىيە مەكتەپلىرىگە ئەۋەتىپ تەربىيىلەپ، ھەردەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىدا مۇھىم خىزمەتلەرگە قويدى. 1950 - يىلى تاتار كادىرلىرى 171 نەپەر بولسا، 1953 - يىلىغا كەلگەندە، 409 نەپەرگە يەتتى.

ئىنقىلابىي قۇربان يولداش ئەسخەت ئىسھاقوپ پارتىيىمىزنىڭ تەربىيىلىشى ۋە ئۆستۈرۈشى ئارقىسىدا يېتىلگەن مۇنەۋۋەر رەھبەرئىدى. ئۇ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي مەزگىلى ۋە ئازادلىقتىن كېيىنكى مەزگىلدە ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى ئازادلىق ۋە خەلقنىڭ بەخت - سائادىتى يولىدا پىدا قىلغان. يولداش ئەسغەت ئىسھاقوپ 1921 - يىلى دۆربىلجىندە تۇغۇلغان، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي پارتلاشتىن ئىلگىرى ئىنقىلابنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتىكى

تەشكىللىي ۋە تەشۋىقات خىزمەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئىنقىلاب-
نىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى ئىشلىگەن. ئىنقىلاب پارتلىغاندىن كېيـ
ىن، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئەقىل - پاراسىتىنى ئىنقىلاب ئىشلىرىغا بېـ
غىشلاپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، پارتىزانلار قوماندانلىق شتـ
ابىنىڭ كاتىپى، ئىچكى ئىشلار ۋازارىتىنىڭ تەرجىمانى، مۇئاۋىن
بۆلۈم باشلىقى، «ئىلى گېزىتى» نىڭ باش مۇھەررىرى، مىللىي
ئارمىيە قوماندانلىق شتابىدا بۆلۈم باشلىقى، ئىلى ۋالىي مەھكە-
مىسىنىڭ مۇدىر كاتىپى بولغان. 1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 28 -
كۈنى شىنجاڭدىكى تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى قوغداش ئىتتىپا-
قىنىڭ مۇۋەققەت رەئىسلىك سالاھىيىتى بىلەن ماۋجۇشى ۋە جۇدې
زۇڭسىلىڭغا تېلېگرامما يوللاپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد
بولغانلىقىنى تەبرىكلىگەنىدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي
ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشتە
خەلقنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىسى ئۈچۈن ئۇنى 1 -
دەرىجىلىك «ئازادلىق» ئوردېنى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ 2-
دەرىجىلىك ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلىغانىدى.

ئۇ، 1950 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردى.
ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دا -
ئىمىي ھەيئەت ئەزاسى، پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن
باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى،
مەملىكەتلىك 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى قاتارلىق
ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ، خىزمەتتە ئەستايىدىل، پرىنسىپال، مەس-
ئۇلىيەتچان ئىدى. ئۇ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە شىنجاڭنىڭ مەدەنىـ
يەت - مائارىپ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇش جەريانىدا، شىنجاڭنىڭ
مىللىي مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا زور
تۆھپە قوشقانىدى. ھەرمىللەت خەلقى ئىچىدە يۇقىرى ھۆرمەتكە
سازاۋەر ئىدى. ئۇ شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇ-
لۇش ئىشلىرىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقانىدى. ئۇ، ھەرمىللەت

خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولغان ئاتاقلىق رەھبەر ئىدى. ئۇ-نىڭدىن باشقا يەنە كۆپلىگەن تاتار كادىرلىرى ھەردەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا، مەدەنىيەت - مائارىپ، يېزا ئىگىلىك، سىياسى - قانۇن، سودا، سەھىيە، تەنتەربىيە، ھەربىي ۋە باشقا ساھەلەردە رەھبەرلىك خىزمەتلىرىگە قويۇلدى.

تاتار خەلقىمۇ ھەرمىللەت خەلقى بىلەن بىللە. خەلق قۇرۇلتايلىرىغا ۋەكىل قاتناشتۇردى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ۋە ئاپتونوم رايونلۇق، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ ئىگىشلىك ۋەكىللىرىنى قاتناشتۇردى.

كۆپلىگەن تاتار ئاياللىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا (ئاساسەن شىمالىي شىنجاڭدا) شەھەر، ناھىيە، مەھەللە (يېزا) قاتارلىق ئاساسىي قاتلامدىكى ئاياللار بىرلەشمىلىرىنىڭ مەسئۇلى قاتارلىق مۇھىم خىزمەتلەرگە قويۇلۇپ، ئاياللارنى تەشكىللەش، ئەر - ئايال ھوقۇقتا باراۋەر بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا مۇئەييەن تۆھپىلەرنى قوشتى.

### 3. تاتار زىيالىيلىرىنىڭ تەربىيىلىنىپ يېتىلىشى

ئازادلىقتىن كېيىن، دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى يۇكسەلدۈرۈشكە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلگەنلىكتىن، تاتارخەلقىنىڭ مىللىي مائارىپى خېلى تېز ئىلگىرىلىدى ۋە تەرەققىي قىلدى. شەھەر، ناھىيە، يېزا - قىشلاقلاردىكى تاتار پەرزەنتلىرى مەكتەپلەرگە كىرىپ، ھەقسىز ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. كەڭ تاتار پەرزەنتلىرى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇپلا قالماي، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، تېخنىكوم، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇدى.

1954 - يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ھەرقايسى جايلاردىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى تاتار ئوقۇغۇچىلىرى 900 گە يەتكەن.

1949 - يىلى تېخنىكوم، داربىلمۇئەللىمىن، ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە كىرگەن تاتار ئوقۇغۇچىلىرى 204 بولغان بولسا، 1958 - يىلغا كەلگەندە 399 غا يېتىپ، سەل كام بىر ھەسسە ئاشقان. 1949 - يىلى تاتار ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 11 نەپەر بولغان بولسا، 1958 - يىلىغا كەلگەندە 45 نەپەرگە يېتىپ، ئۈچ ھەسسە ئاشقان.

پارتىيە ۋە دۆلەت تاتار پەرزەنتلىرىدىن ئالىي مەلۇماتلىق زىيالىيلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. تاتار ئوقۇغۇچىلىرىنى شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇپلا قالماستىن، بېيجىڭ ۋە باشقا ئۆلكە، شەھەرلەردىكى ئالىي مەكتەپلەرگىمۇ ئەۋەتىپ تەربىيىلىدى. يەنە كۆپلىگەن تاتار مائارىپچىلىرىنى دۆلەت شتاتىغا ئېلىپ، مۇقىم خىزمەت ئورنىغا ئىگە قىلدى. تۇرمۇشىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە ئۇلارغا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پۇرسەت يارىتىپ بەردى. بەزى ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچىلارنى مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىقىغا ئۆستۈردى.

دۆلەتنىڭ قەدىرلەپ ئىشلىتىشىگە ئېرىشكەن كۆپلىگەن تاتار مائارىپچىلىرى ئۆز ئورۇنلىرىدا ئاكتىپ ئىشلەپ، ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى. كېسەل ۋە ياشانغان مائارىپچىلار دۆلەتنىڭ داۋالاش ياردىمىگە ئىگە بولۇپ ۋە پېنسىيىگە چىقىپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى.

تاتارلارنىڭ ئىچىدىن چىققان پېشقەدەم ئايال ئوقۇتقۇچى مۇنىرە خانىم ئىچكىرى ئۆلكىلەرنى زىيارەت قىلىش ئۆمىكىگە ئەزا بولۇپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنى زىيارەت قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆز تەسىراتى ئۈستىدە توختىلىپ: «مەن 40 يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ سىڭدۈرگەن مۇشەققەتلىك ئەجرىم ئۈچۈن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دەۋرىدىلا ئىززەتكە ئىگە بولدۇم» دېگەنىدى.

پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقى ئارقىسىدا، تاتار ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ تېزلىك بىلەن كۆپەيدى. شىنجاڭ يېڭى ئازاد

بولغاندا، ئاران ئىككى نەپەر تاتار ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولغان بولسا، 1965 ـ يىللارغا كەلگەندە تەربىيىلىنىپ چىققان ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن 10 دىن ئارتۇق كىشى شىنجاڭ داشۆسى شىنجاڭ تىببى شۆيۈەنى، شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەردە ئىشلەشكە باشلىدى. ھازىر تاتارلاردىن كۆپلىگەن ئىنژېنېر، مۇتەخەسسىس، تېخنىك، تەتقىقاتچى خادىم، دوختۇرلار يېتىشىپ چىقىپ، ھەرقايسى ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ئىشلەۋاتىدۇ.

### 4. تاتار خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللىنىشى

بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشكەن تاتار خەلقى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قىزغىنلىق بىلەن ئاتلاندى.

ئامېرىكا جاھانگىرلىكى چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئامانلىقىغا تەھدىت سالغاندا، تاتار خەلقىمۇ، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇش، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، ۋەتەننى تۇغداش ئىشلىرىغا ئاكتىپلىق بىلەن قىزغىن قاتنىشىپ، سىياسى ۋە ماددىي جەھەتتىن تولۇپ، پۇل، مال ـ چارۋا قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىئانە قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەن ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچىنى ئادا قىلدى، دۇنيا خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قوللىدى.

دۆلەت سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مەبلەغ توپلاش ئۈچۈن زايوم تارقاتقاندا، تاتار خەلقىمۇ ۋەتىنىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن، كۆپلەپ زايوم سېتىۋالدى. كەڭ تاتار خوتۇن ـ قىزلىرى زىننەت بۇيۇملىرىنىمۇ زايوم سېتىۋېلىپ، دۆلىتىمىز مالىيىسىنىڭ زاپاس مەنبەسىنى كۈچەيتىشكە ئۆزھەسسىلىرىنى قوشتى.

تاتار سودا ـ سانائەتچىلىرى سوتسىيالىستىك سودا ـ سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ئىسلاھاتقا ئاكتىپ قاتنىشىپ، دۆلەتكە ۋە خەلققە پايدىلىق سوتسىيالىستىك سودا ـ سانائەتچىلەرگە ئايلاندى. پارتىيە، ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر قىسىم كىشىلەرنى تەربىيەلەپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرگە ئورۇنلاشتۇردى ھەم رەھبەرلىك خىزمەتلىرىگە قويدى. ئۇلار ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك سودا ـ سانائەت ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى ۋە خىزمەت تەجرىبىسىنى جانلىق ئىشلىتىپ، ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشتى.

1956 ـ يىلى تاتار چارۋىچىلىرى ھەرمىللەت خەلقى بىلەن بىللە، چارۋىچىلىق كوپېراتىپلىرىغا بەس ـ بەس بىلەن قاتناشتى. شۇنداق قىلىش ئارقىلىق يايلاقتىن، ئادەم كۈچىدىن تولۇق پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى ھازىرلاندى. ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، تەبىئىي ئاپەتلەرگە قارشى تۇرۇش، تول ئېلىش، يەم ـ خەشەك يىغىش، ئېغىل ـ قوتان سېلىش ئىشلىرىدا كۆپ ئاسانلىق تۇغۇلدى، چارۋا ماللار تېز كۆپەيدى، مەھسۇلات ھەسسىلەپ ئېشىپ، دۆلەتنى چارۋىچىلىق خام ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلىدى.

1958 ـ يىلىغا كەلگەندە، تاتار چارۋىچىلىرى خەلق كوممۇنىلىرىغا، چارۋىچىلىق فېرمىلىرىغا قىزغىن قاتنىشىپ، چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ كەڭ يۈكسىلىشىگە كۈچ قوشتى.

كەڭ تاتار دېھقانلىرى يەر ئىسلاھاتىدا يەر ـ زېمىنغا ئىگە بولۇپ، زور غەيرەتكە كېلىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، تۇرمۇشنى ياخشىلىدى ھەمدە پەيدىنپەي كوللېكتىپلىشىش يولىغا مېڭىپ، قاينام ـ تاشقىنلىق بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈردى، ئۆزلىرىدىكى ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇش ئارقى-

لىق، ئەمگەك ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇردى. بۇ جەريان‌دا، تاتار دېھقانلىرى خەلق گۈللىنىشىنىڭ ھەردەرىجىلىك خىزمەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، خىزمەتلەرنى يۈكسەلدۈردى.

پارتىيىنىڭ تەربىيىلىشى ئارقىسىدا يېتىشىپ چىققان كۆپلىگەن تاتار زىيالىيلىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئورۇنلىرىدا جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەپ، ئەقىل - پاراسىتى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىنى ۋەتىنىمىزنىڭ قۇدرەتلىك باي، پاراۋان، تەرەققىي تاپقان سوتسىيالىستىك دۆلەت بولۇپ قۇرۇلۇپ چىقىشى ئۈچۈن بېغىشلىدى.

## 5. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى تاتار خەلقىنىڭ ھاياتىدىكى زور ئۆزگىرىشلەر

تاتار خەلقى ھەرمىللەت خەلقىگە ئوخشاشلا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت ئون يىللىق مالىمانچىلىق يىللىرىدا بالايىئاپەت ۋە ئېغىر كۆلپەتلەرگە دۇچار قىلىنغانىدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە تاتارلاردىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۈستىدىكى تۆھمەت، ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەر ئاقلاندى. بەدناملار ئاغدۇرۇپ تاشلاندى ۋەكۆپلىگەن تاتار كادىرلىرى تۈرلۈك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا ئۆستۈرۈلدى. تاتارلاردىن بەش كىشى نازارەت دەرىجىلىك مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆپلىگەن تاتار كادىرلىرى ئاپتونوم رايونلۇق ئىدارىلەردە، ئالىي - ئوتتۇرا مەكتەپ، پەن - تېخنىكا ئورۇنلىرىدا، ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر)، چارۋىچىلىق فېرمىلىرىدا مۇھىم خىزمەتلەرگە

ئۆستۈرۈلدى.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئۇچ نەپەركىشى دوتسېنتلىققا ئۆستۈرۈلدى. ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە ئىشلەۋاتقان تاتار ئوقۇتقۇچىلىرى ئۆستۈرۈلۈپ، مەكتەپلەرنىڭ مۇھىم تارماقلىرىغا مەسئۇل قىلىندى.

ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئىشلەپ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا زور كۈچ قوشقان تاتار ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئىككى نەپەركىشىگە «ئالاھىدە ئوقۇتقۇچى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى.

پارتىيە كۆپلىگەن تاتار پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى، سەھىيە ساھەسىدىكى دوختۇرلارنى، نەشرىيات - ئاخبارات ساھەسىدىكى خادىملارنى پائال تەربىيلەپ ئۆستۈرۈپ، رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا مەسئۇل قىلدى ۋە كۆپلىگەن تاتار پەن - تېخنىكا خادىملىرىغا ئىنژېنېر، تېخنىك، باش دوختۇر قاتارلىق ئۇنۋانلارنى بەردى.

3 - ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان، دۆلەت تاتارلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكتىن، مائارىپ ئىشلىرى ناھايىتى تېز راۋاجلاندى، تاتار پەرزەنتلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىش نىسبىتى يۇقىرى بولدى. 1984 - يىلى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان تاتار ئوقۇغۇچىلىرى ھەر 10 مىڭ نوپۇسقا 101.3 تىن توغرا كەلدى. بۇ سان ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھەر قايسى مىللەتلەرئىچىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ؛ تاتار ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى تېخنىكوملاردا 11.9 نەپەرگە، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە 161 نەپەرگە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە 536.5 نەپەرگە، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە 831.6 نەپەرگە يەتتى.

كەڭ تاتار چارۋىچىلىرى ۋە دېھقانلىرى پارتىيىنىڭ توغرا سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ئېلىپ كەل-

گەن نامراتلىق ۋە كەمبەغەللىكتىن ناھايىتى تېزلا قۇتۇلدى.

يېزا - قىشلاقلاردا مەھسۇلاتنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، تاتار دېھقان - چارۋىچىلىرى مال - چارۋىنى ھۆددىگە ئېلىپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، ئاشلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى جەھەتتە ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلىدى، ئامبارلىرىدا كۆپلەپ ساقلىنىدىغان ئاشلىقى، ئېغىل - قوتانلىرىدا مال - چارۋىسى بولۇشتىن سىرت، خەجلەيدىغان پۇللىرىمۇ زاپاس تۇرىدىغان بولدى. ئۆيلىرىدە گىلەم، ئىشكاپ، كارىۋات، كىيىم تىكىش ماشىنىلىرى ئادەتتىكى نەرسىلەرگە ئايلىنىپ قالدى. كەڭ تاتار دېھقان - چارۋىچىلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە زامانىۋى ئېلېكترونلۇق تۇرمۇش بۇيۇملىرى مەسىلەن، تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ قاتارلىقلار ئومۇملىشىشقا باشلىدى.

شىنجاڭدىكى تاتار خەلقى پارتىيىمىزنىڭ توغرا سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، سىياسىي - ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن تېخىمۇ ياخشىلىنىپ، خۇشال - خورام ياشاپ، بەختلىك ھالدا پارتىيىگە يېقىندىن ئەگىشىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتناشماقتا.

## ئالتىنچى باب. بەيياڭخې تاتارلىرى

### 1. قىسقىچە ئەھۋالى

بەيياڭخې تاتارلىرى — گۇچۇڭ بىلەن جىمسار ناھىيىلىرىنىڭ پاسىلىدىكى بەيياڭخې دەرياسىنىڭ باش ئېقىمىنىڭ شەرق ۋە غەرب ساھىلىدا ياشايدىغان تاتارلاردۇر.

بەيياڭخې خەنزۇچە سۆز بولۇپ، ئاق تېرەكلىك دەريا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.① بۇ دەريا جىلغىسىدىكى قويۇق ئاق تېرەكلەرگە قارىتىپ قويۇلغان نام. بۇ نام — دەريانىڭ نامىلا بولۇپ قالماستىن، شۇ جايىنىڭ ھەم شۇ جايدا ياشىغۇچى تاتارلارنىڭ يۇرتىنىڭمۇ نامى بولۇپ قالغان، شۇڭلاشقا ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىگىچە بۇ يەردىكى يەرلىك خەلقلەر تاتارلارنى «بەيياڭخېنىڭ قىرىق ئۆيلۈك نوغىيى» دەپ ئاتاپ كەلگەنىدى. شۇ چاغلاردا بۇ يەردىكى تاتارلارنىڭ ئائىلە سانى 40 ئەتراپىدا ئىدى.

ئازادلىقتىن بۇرۇن، بەيياڭخې دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاتارلار گۇچۇڭ ناھىيىسىگە تەۋە ئىدى. 1950 - يىللاردا گۇچۇڭ، جىمسار ناھىيىلىرىنىڭ چېگرىسى بېكىتىلگەن چاغدا، بەيياڭخې دەرياسى ئىككى ناھىيىنىڭ چېگرىسى قىلىپ بېكىتىلگەنىدىن كېيىن، غەرب تەرىپىدىكى تاتارلار جىمسارغا تەۋە بولدى. خەلق گۇڭشېسى مەزگىلىدە بەيياڭخېنىڭ غەربىي تەرىپىدىن كىڭگىر جىلغىسىغىچە بولغان ئارىلىقتا گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ دۆڭگۈەن گۇڭشې مۇچاڭىنىڭ تاتارلارنى ئاساس قىلغان 2 - ئەترىتى قۇرۇلدى. غەرب تەرىپىدە جىمسارغا تەۋە بولغان چۈەنزىگەي گۇڭشې مۇچاڭىنىڭ 3 - ئەترىتى بولۇپ قۇرۇلدى.

---

① يەرلىك خەلقلەر قارا تىلدا باياڭخۇ، دەپ ئاتايدۇ.

ھازىر دەرياننىڭ ئىككى ياقىسىدا جەمئىي 90 ئائىلىلىك تاتار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 500 گە يېتىدۇ. كۆپ چىلىك تاتارلار گۇچۇڭ ناھىيىسى دۇڭگۇەن گوڭشې مۇچاڭنىڭ 2 ـ ئەترىتىگە جايلاشقان. بۇ يەردە 65 ئائىلىلىك تاتار بولۇپ، نوپۇسى 321 كىشى. شۇ ئەترەتتىكى تاتار، قازاق، ئۆزبېك، خەنزۇ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق ئالتە مىللەتتىن ئىبارەت 101 ئائىلە ئىچىدە تاتارلار كۆپچىلىك سانىنى ئىگىلەيدۇ.

جىمسار تەۋەسىدىكى چۆنزىگەي گوڭشې مۇچاڭى 3 ـ ئەترەتتە 25 ئائىلىلىك تاتار بولۇپ نوپۇسى 150 كىشىگە يېتىدۇ. بۇ ئەترەتتە ئومۇمىي 63 ئائىلە بولۇپ، تاتار، قازاق، ئۆزبېك، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەر ئىچىدە نوپۇس سانى بويىچە 2 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ.

## 2. بەيياڭخېدا تاتارلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشى

بەيياڭخې تاتارلىرى XIX ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى روسىيىدىن ئىلىمىزنىڭ ئالتاي رايونىنىڭ چىرىكچى دېگەن يېرىگە كۆچۈپ كەلگەن تاتارلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر، بۇ تاتارلار 1908 ـ يىلى چىرىكچىدىن تيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكى بولغان گۇچۇڭ، جىمسار ناھىيىلىرىنىڭ كونا چېگرىسى بەيياڭخې دەرياسىنىڭ ساھىلىدىكى ھازىرقى تۇرۇشلۇق جايغا كۆچۈپ كەلگەن. تۇنجى دەسلەپ كۆچۈپ كەلگەن 14 ئائىلىلىك تاتار ئائىلىسىدىن كېيىن، بۇ يەرگە يەنە مۇشۇ ئەتراپتىكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق ۋە تاتارلار كەينى ـ كەينىدىن كۆچۈپ كېلىپ ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە مەھەللە شەكىللەندۈرگەن، شۇ كۈنلەردە بىر قازاق چارۋىچىنىڭ ئانىسى قازا قىلىپ، ئۇنى يەرلىككە قويىدىغان چاغدا يەر ئىگىلىرى يەرلىك بەرمەيدۇ. ئۇلار ئامالسىز باشقا جايغا قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. مۇشۇ ئىشتىن كېيىن، تاتار ۋە

باشقا مىللەتلەر يەر ئىگىلىرىنىڭ قولىدىن ئاۋۋال يەرلىك قىلىدىغان جايلارنى، كېيىن دەريانىڭ شەرق تەرىپى سىچاڭگۇغا، غەربىي تەرىپى شاۋدوڭگۇغا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى يايلاق ۋە تېرىلغۇ يەرلەرنى ئايرىم - ئايرىم ۋە بىرلىشىپ سېتىۋالىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بەييائىخېدىن ئىبارەت بۇ ماكان تاتارلارنىڭ ماكانى بولۇپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، تاتارلار ئۆز يەرلىرىگە ياغاچتىن ئۆي - جاي ۋە مەكتەپ - مەسچىت سېلىپ، تاتار يۇرتىنى بىنا قىلىدۇ ۋە تەر تۆكۈپ، ئەمگەك قىلىپ بۇ يەرنى گۈللەندۈرىدۇ.

## 3. بەييائىخېدىكى تاتارلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى تۈرلۈك كەچۈرمىشلىرى

تاتارلار بەييائىخېغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، ئازادلىقنىڭ ھارپىسىغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا يۈز بەرگەن بىر قانچە ۋەقە تۈپەيلىدىن، ئۆز ماكانلىرىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى.

بىرىنچى، جىن شۇرېن ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغالغان قۇمۇل - تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى 1933 - يىلى 4 - ئايدا خوجانىياز ھاجى، مۇھەممەدىلەر باشچىلىقىدا، كۆكيار ئارقىلىق مورى ناھىيىسىگە ئۆتۈپ، مورى بازىرىغا ھۇجۇم باشلايدۇ. بۇ مەزگىلدە ئىچكىرىدىن چىققان ماجۇڭيىڭمۇ قوشۇن تارتىپ مورىغا كېلىدۇ. دەل مۇشۇ پەيتتە ئالتايدىن ئادەم باشلاپ كەلگەن ئىسمىقان دېگەن ئىسيانچىمۇ كېلىپ جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ 700 دىن ئارتۇق تۆگىسىنى ئولجا ئېلىپ ھەيدەپ كېتىدۇ. ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت بارلىق ئىنتىقامىنى ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ پۇقرالىرىدىن ئېلىپ، قازاق مىللىتىنىڭ بەزى مۆتىۋەرلىرىنى ئېتىۋېتىدۇ. شېڭ شىسەي

قوشۇنىدىكى ياللانما ئاق رۇسلار قوشۇنى جەمسار تەۋەسىدىكى قازاق خەلقىنىڭ ئۇۋاق دېگەن قەبىلىسىنى قىرغىن قىلىپ، بۇلاپ-تالايدۇ. شۇ ئەتراپتىكى بارلىق دېھقان - چارۋىچىلار جېنىنى ئېلىپ قېچىشقا باشلايدۇ. بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان بەيياڭخې تاتارلىرىمۇ قازاقلار بىلەن بىللە، مال-چارۋىلىرىنى ھەيدەپ بارىكۆلگە قېچىپ بېرىپ، سارچوقا دېگەن يەردە قىشىنى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇرۇش بېسىققاندىن كېيىن، 1934-يىلى ئۆز ماكانلىرىغا قايتىپ كېلىدۇ.

ئىككىنچى، 1945 - يىلى كۈزدە بىر قىسىم باندىتلار كۆچۈك ۋە جەمسار ناھىيىلىرى تەۋەسىگە كېلىپ، خەلقنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ، خەلقنىڭ جېنىغا ۋە مال-مۈلكىگە تەھدىت سالىدۇ. بەيياڭخې تاتارلىرى بالا - قازادىن يىراق تۇرۇش ئۈچۈن، بەيياڭخې تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، تۇرپان تەۋەسىگە بارىدۇ ۋە تۇرپاندىن داۋانچىڭغا قاراپ يولغا چىقىپ شۇ يەردە قىشلايدۇ. ئەمما، شۇ يىلى داۋانچىڭغا قار قېلىن چۈشۈپ، ئوت - چۆپ ئاز بولغانلىقتىن، چارۋىلار تىمىن ئەھۋالدا قالىدۇ. بەيياڭخېلىق تاتارلار باشقا قېرىنداش مىللەت خەلقى بىلەن بىللە، ئۆز ماكانلىرىغا قايتىشقا مەجبۇر بولىدۇ، ئېچىرقاپ كەتكەن ماللار تۇرپان تاغلىرىدا ئۆسىدىغان زەھەرلىك چۆپلەرنى يەپ قىيىلىپ قىرىلىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ كۆچمەنلەر قالغان ماللىرىنى ھەيدەپ قايتىپ كېلىپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ قايتىدىن ئىگىلىك تىكلەيدۇ.

ئۈچىنچى، ئازادلىقتىن كېيىن، 1951 - يىلى ئوسماننىڭ چوڭ ئوغلى چېرتىمان بىر مۇنچە ئادەمنى باشلاپ كۆچۈك ئەتراپىغا كېلىپ، تۇتراپ، ھۆكۈمىتىمىزگە قارشى توپىلاڭ قوزغاش ئۈچۈن، بەيياڭخې ئەتراپىغا كېلىپ جايلىشىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا بەيياڭخې تاتارلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان يۇرت بېشى خەسەن ئاقساقال تېزلىكتە قازىكەي دېگەن كىشىگە بىر

ھەمراھ قوشۇپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە ئەھۋالدىن مەلۇمات بېرىشكە ئەۋەتىدۇ. كېيىن خەۋەر بولمىغانلىقتىن يەنە قورمات دېگەن كىشىنى ئەۋەتىدۇ.

بۇ پەيتتە چېرتىمان باشچىلىقىدىكى باندىتلار ھەرىكەتنى جىددىيلەشتۇرۇپ، ھۆكۈمەتكە قارشى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىدۇ. شۇنداقلا خەسەن ئاقساقالنى باغلاپ ئۇرۇپ، قىيناش ھەم ئالداشتەك رەزىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، بەيياڭخې تاتارلىرىنى ھەم باشقا خەلقلەرنى ئۆزلىرىگە ئەگەشتۈرمەكچى بولىدۇ. لېكىن بۇ غەرىزى ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن، بارلىق خەلقنى ھەيدەپ، زورلۇق بىلەن بەيياڭخې ئەتراپىدىكى چوڭقۇر جايلاۋ دېگەن جايغا مەجبۇرىي كۆچۈرۈپ بارىدۇ.دەل شۇ ۋاقىتتا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى كېلىپ باندىتلارنى تار - مار قىلىپ، خەلقنى ئۇلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇلدۇرىدۇ، خەلقنىڭ چېچىلىپ كەتكەن مېلىنى يىغىپ بېرىدۇ. ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە قۇتقۇزۇش بۇيۇملىرىنى تارقىتىپ، خەلقنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ. خەلقنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلىندۇ!

### 4. تۇرمۇش تىرىكچىلىكى

بەيياڭخې تاتارلىرى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىپ، قوشۇمچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

چارۋىچىلىقتا: ئات، كالا، قوي، ئۆچكە، تۆگە قاتارلىق چارۋا ماللارنى بېقىپ، گۆش، يۇڭ، تېرە، سۈت قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ.

دېھقانچىلىقتا: بۇغداي، ئارپا، قىچا، توكلۇك ئارپا، سۇلۇ، ياڭيۇ قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىپ، ئۆزلىرىنى ئاشلىق، ياغ، كۆكتات بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئازادلىققىچە بولغان ئارىلىقتا ھەر بىر تاتار ئائىلىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا قىشلاق ـ يايلىقى، چارۋىچىلىقى، دېھقانچىلىق قىلىدىغان يېرى بارئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ كوللېكتىپلەشكەندىن كېيىن، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىپ، دېھقانچىلىق بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىپ كەلدى. گۇچۇڭ تەۋەسىدىكى دۆڭگۈەن گۇڭشې دۆڭگۈەن مەيدانىدىكى تاتارلارنى ئاساس قىلغان 2 ـ ئەترەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى زور دەرىجىدە يۈكسىلىپ، 1966 ـ يىلى تارىختا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە ياراتتى. جىمسار تەۋەسىدىكى چۆەنزىگەي گۇڭشې فېرمىسىدىكى تاتارلارمۇ يۇقىرى قەدەم يۈكسىلىشلەرگە ئېرىشتى.

## 5. مەدەنىيەت ـ مائارىپى

بەيياڭخې تاتارلىرى 1930 ـ يىللىرى ئۆي سېلىپ، يۇرت قۇرۇپ، بىر مەھەللىگە جايلىشىپ، مەدەنىي تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىغانىدى. يېزا مەركىزىگە ياغاچتىن بىر قانچە سىنىپلىق باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا مەخسۇس ئۆي سېلىنغانىدى. بۇ باشلانغۇچ مەكتەپ «تاتار مەكتىپى» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ مەكتەپتە تاتار، قازاق، ئۆزبېك، ئۇيغۇر قاتارلىق ھەر مىللەت پەرزەنتلىرىدىن بىر ئوغۇللار، بىر قىزلار سىنىپى ئېچىلىپ، ئۇلارغا پەننىي بىلىملەردىن ۋە دىندىن دەرس ئۆتۈلگەنىدى. ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى ھەم يازدەم بېرىشى ئارقىسىدا، بۇ مەكتەپ تېخىمۇ راۋاجلىنىپ، كېيىنكى ئوقۇغۇچىلىرى 100 دىن ئاشقان ئوتتۇرا تىپتىكى مەكتەپكە ئايلاندى.

ھازىر تاتار مەكتىپى ئاساسىغا قۇرۇلغان 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە جەمئىي يەتتە نەپەر شتاتلىق ئوقۇتقۇچى بار (ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈچ نەپىرى تاتار)، ئوقۇغۇچىلىرى 250 تىن ئاشىدىغان

مۇچاڭ ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئىككى نەپەر تاتار ئوقۇتقۇچى بار. بۇ ئەترەتتە ئوقۇش يېشىغا يەتكەن تاتار باللىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 82 پىرسەنتكە يەتكەن. 1979- يىلدىن 1982- يىلغىچە بۇ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى 254 ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدە تاتار ئوقۇغۇچىلىرى 162 بولۇپ ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانىنىڭ 64 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. مۇشۇ ئۈچ يىلدىن بۇيان تولۇقسىز ئوتتۇرىنى چىققان 186 ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدە تاتار پەرزەنتلىرى 112 بولۇپ، شۇ جايدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرگەن باللارنىڭ 60 پىرسەنتىنى تەشكىل ئېلىدۇ. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى چىققان 20 ئوقۇغۇچىنىڭ سەككىزى تاتار ئوقۇغۇچى بولۇپ، 40 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. پۈتۈن مۇچاڭ بويىچە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ بىرسى تاتار بولۇپ، 50 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ.

بەيياڭخې تاتارلىرىنىڭ جەمئىي تەۋەسىدىكىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى كۆچۈڭ تاتارلىرىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ جايدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتىمۇ ئىككى نەپەر تاتار ئوقۇتقۇچى بولۇپ،ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرمەكتە.

بەيياڭخې تاتارلىرى بۇرۇندىنلا مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكتىن، مائارىپ ئىشلىرى ناھايىتى تېز راۋاجلاندى، ئازادلىقتىن كېيىن، تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ زور يۈكسىلىشلەرگە ئېرىشتى. شۇڭا بۇ جايدا ھەرمىللەت پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇشقا كىرىش نىسبىتى يۇقىرى بولدى. بولۇپمۇ تاتار پەرزەنتلىرىنىڭ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە تەشكىل قىلغان سانى باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا يۇقىرى بولۇپ كەلدى.

## 6. تىل - يېزىق، ئۆرپ - ئادەتلىرى

بەيياڭخې تاتارلىرىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ ھازىرقى ئەۋلادلىرىغىچە قازاق خەلقى ئارىسىدا

دا ياشاپ كېلىۋاتقىنىغا 150 يىلدىن ئاشتى. ھازىر ئۇلارنىڭ تىل، يېزىق، ئۆرپ - ئادەتلىرى تامامەن قازاقچە بولۇپ كەتكەن.

ئۇلاردا يەنە تاتارلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىمۇ ساقلىنىپ قالغان،ئەمگەك سۆيەر، تىرىشچان، جاپا - مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ ئىگىلىك تىكلەيدىغان جاسارەت، تىنچ - خاتىرجەملىكنى سۆيىدىغان ئەخلاق - پەزىلەت، تۇرغان جايىنى گۈللەندۇرۇپ، يۇرت - ماكان قۇرۇپ، مەكتەپ سېلىپ بىلىم ئالىدىغان مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئىتتىپاقلىقنى سۆيىدىغان، باشقىلارغا جان پىدالىق بىلەن ياردەم قىلىدىغان ئالىيجاناب خىسلەت بۇ ماكاندا ياشايدىغان تاتارلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئالاھىدە ئەكس ئېتىدۇ. مەسىلەن، 1934 - يىلى تاتارلار بەيياگېخىغا قايتا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىغان ۋۇفامىلىلىك خەنزۇ دېھقانغا بىر ئات، بىر كالا بېرىپ، ئۇنىڭ ئىگىلىكىنى تىكلىۋېلىشىغا ياردەم قىلغانىدى. قۇرماش دېگەن تاتار قوراباي، سەبىقان ئىسىملىك ئىككى قازاق يېتىم بالىسىنى بېقىپ چوڭ قىلىپ ئۆيلەپ قويغان ۋە ئۇلارغىمۇ ئۆز بالىسىدەك مىراس بۆلۈپ بەرگەنىدى. بۇ يەردىكى تاتارلار باشقا قېرىنداش مىللەت خەلقى بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ياخشى خىسلەتلىرى بىلەن باشقا قېرىنداش مىللەت خەلقلىرىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلدى.

### 7. كۆڭدىن - كۆڭگە يۈكسىلىۋاتقان بەيياگېخى

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بەيياگېخى بويىدا ئولتۇراقلاشقان تاتار خەلقى پارتىيىنىڭ توغرا سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە زور يۈكسىلىشلەرگە ئېرىشتى.

دۆڭگۆەن گۆڭشي موچاڭىنىڭ 2 ـ ئەترىتى ئۇزۇن يىللار-
دىن بۇيان، گۆڭشي بويىچىلا ئەمەس، بەلكى ناھىيە، ھەتتا سان-
جى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى بويىچىمۇ، چارۋىچىلىق ـ دېھقانچى-
لىق ئىشلەپچىقىرىشى جەھەتتە داۋاملىق ئىشلەپچىقىرىش ئۈلگى-
سى بولۇپ كەلمەكتە.

ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن
كېيىن، ھەممە كىشى تەڭ كۈچ چىقىرىپ، قېتىرقىنىپ ئىشلىگەن-
لىكتىن، چارۋا ـ مال كۆپىيىپلا قالماستىن، سۈپىتى بۇرۇنقىغا
قارىغاندا كۆپ ياخشىلاندى. ئەزالارغا بېرىلگەن ماللارنىڭ تۆل-
لەش ئەھۋالى ۋە ئەي بولۇش نىسبىتىمۇ بۇرۇنقىغا قارىغاندا
كۆرۈنەرلىك ئۆستى.

1981 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىش ھۆددىگە بېرىلگەن 24 قورو
مالنىڭ 21 قوروسىنىڭ مالچىسى مۇكاپاتلاندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە
جۇماباي، رامىزان، بايدۇللا قاتارلىق مالچىلار زور نەتىجە قا-
زىنىپ، ئۈلگىلىك شەخس بولۇپ باھالاندى، 1983 ـ يىلغا كەلگەندە
چارۋا ـ مال كۆپىيىپ، كوللېكتىپ ھەم شەخسى چارۋا ـ مالنىڭ
ئومۇمي سانى توققۇز مىڭغا يەتتى. 1966 ـ يىلىدىكى يۇقىرى
سەۋىيىدىن 40 پىرسەنت ئېشىپ كەتتى.

دېھقانچىلىق جەھەتتە، پۇتونلەي تاۋار ئاشلىق يېيىشتىن
ئاشلىق، كۆكتاتلار بىلەنمۇ ئۆزلىرىنى قىسمەن تەمىنلەشكە ئۆتتى
تاتار دېھقان ـ چارۋىچىلىرى ئېكسپورت قىلىنىدىغان
سامساقنى كۆپلەپ تېرىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇ-
رۇلۇشىغا ياردەم قىلدى. ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ، كىرىمىمۇ زور دە-
رىجىدە ئېشىپ، تۇرمۇشىمۇ كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

بۇ تاتارلار ئەترىتى ئەزالارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆس-
تۈرۈش، چارۋىچىلىقنى تېخىمۇ يۇكسەلدۈرۈش ئۈچۈن، داچۈەن
دېگەن جايدىن 1000 مو يېنەم ئاچتى ۋە بۇ يەرگە بىر قىسىم
ئەزالارنى يۆتكەپ ئاشلىق، يېدە تېرىش بىلەن بۇ يەرنى ئاش-

لىق ۋە ئوت ـ چۆپ بازىسىغا ئايلاندۇردى.
هازىر بۇ يەردىكى تاتارلاردىن ئونلىغان پارتىيە ئەزالىرى
ۋە كادىرلار يېتىشىپ چىقىپ، پارتىيە ـ هۆكۈمەتنىڭ هەر دەرى ـ
جىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىدا مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلىمەكتە،
دۇڭگوەن گۈڭشېسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قالىكەن، دۇڭگوەن گۇڭ ـ
شې مۇچاڭنىڭ شۇجىسى نۇراجىدىنلار بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.
شۇنداقلا ناھىيە، ئوبلاستلارغا بۇ يەردىن ئونىنەچچە كادىر يەت ـ
كۈزۈپ بېرىلدى. گۈڭشې، مۇچاڭ قاتارلىق ئاساسىي قاتلام ئو ـ
رۇنلىرىدىمۇ تاتارلاردىن بولغان پارتىيە ھەم دۆلەت كادىرلىرى،
بەبياڭخې خەلقىنى پارتىيە كۆرسەتكەن سوتسىيالىستىك زامانىۋى ـ
لاشتۇرۇش يولىغا باشلاپ ئۈزلۈكسىز ئالغا باسماقتا.

## يەتتىنچى باب تاتارلارنىڭ مىللىي خۇسۇسىيىتى

### 1. ھازىرقى تاتارلارنىڭ تەركىبىي شەكلى

شىنجاڭدىكى تاتارلار ئۇزاق يىللار مابەينىدە ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن يېقىن ئۆتۈپ، تىز بېرىپ، قىز ئېلىشىپ، قۇدا - باجا بولۇشۇپ، ئۆز ئارا نىكاھلانغانلىقى، قان ئارىلاشقانلىقى ئۈچۈن، يېڭىچە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە تاتار تەركىبىي شەكلى شەكىللەندى.

ئۈرۈمچى، غۇلجا، چۆچەك، ئالتاي قاتارلىق شەھەرلەرگە جايلاشقان تاتارلار ئۆز مىللىتى بىلەن ئۆز ئارا توي قىلغانلىقتىن، ساپ تاتار شەكلىنى ساقلاپ كەلمەكتە. بۇ شەھەرلەردە ياشاۋاتقان تاتارلار ئارىسىدا ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن نىكاھلىنىش ئەھۋالىمۇ خېلى سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىلى، ئالتاي، چۆچەك ۋىلايەتلىرى ۋە گۇچۇڭ، جىمىسار ناھىيىلىرىدىكى تاتارلارنىڭ تەخمىنەن 80 پىرسەنتى قازاق مىللىتى بىلەن قان ئارىلىشىپ شەكىللەنگەن تاتارلاردۇر.

ھازىر تاتارلارنىڭ باشقا بىر مىللەت بىلەن نىكاھلىنىشىدىن تۇغۇلغان پەرزەنتلىرى ئۆز مىللىي تەركىبىنى تاللىۋېلىش ئەركىنلىكى ھەققىدىكى قانۇنغا ئاساسەن، ئۆز مىللىتى تەركىبىنى تاللىۋالماقتا. بەزى ئائىلىلەردە ئاتىسى ئۇيغۇر ياكى قازاق بولۇپ، مىللىتىنى تاتار دەپ يازغانلار بار. بەزى ئائىلىلەردە بىر ياكى بىر نەچچە پەرزەنتى ئاتىسىنىڭ مىللىتىنى، بىر ياكى بىر

نەچچە پەرزەنتى ئانىسىنىڭ مىللىتىنى تاللىغانلارمۇ بار. شۇ-نىڭ بىلەن بىر نەچچە پەرزەنتى ئاتىسىنىڭ مىللىتىگە، بىر نەچ-چە پەرزەنتى ئانىسىنىڭ مىللىتىگە مەنسۇپ ئائىلىلەر شەكىللەنمەكتە.

## 2. مىللىي كىيىم - كېچەكلىرى ۋە ئۆي سەرەمجانلىرى

تاتار خەلقى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۆز مىللىتىگە خاس كىيىم - كېچەك ۋە ئۆي سەرەمجانلىرىنى شەكىللەندۈرگەن.

تاتار مىللىتىنىڭ ئەرلىرى ئومۇمەن باشلىرىغا قارا تەقىيە ياكى يېشىل، قىزغۇچ، بېغىررەڭ رەڭدىكى گۈل چېكىلگەن، شى-رىپ تىكىلگەن تەقىيە (باش كىيىم) لەرنى كىيىشنى ياقتۇرىدۇ. چوڭلار ئۈچىسىغا ياقىلىق سول ياندىن تۈگمىلىنىدىغان ئاق كۆڭ-لەك ھەم قارا جىلىتكە كىيىدۇ. ياشلار ئاق قايرىما ياقىلىق، ياقىسىغا، يەڭ ئۇچلىرىغا كانۋا ئىشلەنگەن كۆڭلەكلەرنى كىيىشنى ياقتۇرىدۇ. [كۆپچىلىك ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار بېلىگە پو-تا باغلايدۇ]. كۆك، كۈلرەڭ، مگەررەڭ، قارا رەڭلىك شالۋۇر كىيىدۇ. ئاياقلىرىغا ئۆتۈك ياكى شىبلىت كىيىدۇ. قىش كۈنلى-رى شىبلىت ئۈستىگە كالاچ كىيىدۇ. بېشىغا قولاقچا، ئۇزۇن ياكى قىسقا پەلتو، پەشمەت، تۇلكە، قوي ۋە باشقا قىممەتلىك ھاي-ۋانلارنىڭ تېرىسىدىن جۇۋا كىيىدۇ.

خوتۇن - قىزلار باشلىرىغا مەرۋايىتتىن گۈل ئىشلەنگەن تۈبەتەي، قالغاق كىيىدۇ. قىزلار مەرۋايىتتىن گۈل ئىشلەنگەن تەقىيە كىيىدۇ. چوكانلار ۋە ياشانغان ئاياللار تۈبەتەي ۋە قال-غاقلىرىنىڭ ئۈستىگە بۆرتمەشال ئارتىۋالىدۇ. گۈللۈك، سىدام رەختلەردىن ئۇزۇن كۆڭلەكلەرنى كىيىپ پۇتلىرىغا ھەرخىل

تۇپلىي، چېتىك، ئۆتۈك كىيىدۇ.

تاتار خوتۇن - قىزلىرى تۈرلۈك شەكىلدىكى زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاشنى ياخشى كۆرىدۇ. قىز - چوكانلار ئالتۇندىن سوقۇلۇپ، ياقۇتتىن كۆز قويۇلغان ھالقا سالىدۇ. ياشانغانلىرى ئالتۇن ياپراقچىدىن يۇمىلاق قىلىپ كۆپتۈرۈلگەن قاشسىز ھالقا سالىدۇ. ئاياللار ئالتۇن تۈرىكۈچ (تىرەۋۇش) تاقايدۇ. بويۇنلىرىغا مەرۋايىت تىزىقىنى ئاسىدۇ. بىلەكلىرىگە ئالتۇن بىلەيزۈك، بارماقلىرىغا ئالتۇن ئۈزۈك سالىدۇ. تاتار ئۈزۈكلىرى ئادەتتە ئىككى خىل ئاتىلىدۇ: قاش قويۇلغان ئالتۇن ئۈزۈك، تاتارچە «يۈزۈك» دەپ ئاتىلىدۇ. قاش قويۇلمىغان ئالتۇن ئۈزۈك تاتارچە «بالداق» دەپ ئاتىلىدۇ.

ھازىر شىنجاڭدىكى تاتار خەلقى كۈندىن - كۈنگە ئورتاقلىشىپ بېرىۋاتقان ئومۇملاشقان خاراكتېردىكى كىيىم - كېچەكلەرنى كىيمەكتە.

كۆپچىلىك تاتارلار شەھەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ، ئەنئەنىۋى شەھەر مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ، يۈرۈشلۈك قوراجاي سېلىش تاتارلار ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان. ئۇلار ئولتۇرغان ئۆي - جايلىرىنى كۈنگەي قىلىپ، ئاساسەن كېسەك، خىش، ياغاچ - تاش قاتارلىق ماتېرىياللار بىلەن سالىدۇ. ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە قاڭالتىر مىخلاپ يېشىل سىردا سىرلايدۇ، يانلىرىغا يامغۇر سۈيى ئاقىدىغان نولار قويۇلىدۇ، ياغاچ مول جايلاردا ئاستى - ئۈستى تاختايلىق قىلىنىپ، تورۇسنى ھاۋا رەڭ سىردا سىرلايدۇ. ئاستىنى قىزغۇچ جىگەررەڭ سىردا سىرلايدۇ. ياغاچ قىس بولسا تورۇسنى لاي بىلەن سۇۋايدۇ. ئۆينىڭ ئىچى - تېشىنى سىنكا سېلىنغان ئاھاك بىلەن ئاقارتىدۇ. دېرىزىلىرى قوش ياسىلىدۇ. ئىچكى قەۋەت دېرىزە ئېلىنىدىغان قىلىپ ياسىلىپ، يازدا ئېلىۋېتىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۆينى قىش كۈنى ئىسسىق تۇتۇش مەقسەت قىلىنغان. ئۆينىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش ئۈچۈن دېرىزىگە ئېچىلىدىغان كىچىك كۆزنەك قويۇلىدۇ. تاختاي ياتقۇزۇلغان ئۆي-

لەرنىڭمۇ ھاۋا ئالماشتۇرىدىغان تۆشۈكلىرى بولۇپ، بۇ تۆشۈكلەر قىش كۈنى مەھكەم ئېتىلىدۇ. يازكۈنى ئېچىۋېتىپ قويۇلىدۇ. بۇنىڭ ئىككى خىل ياخشى تەرىپى بولۇپ، تاختاينىڭ چىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ھەم يازدا سالقىن قىلىدۇ. بۇنداق سېلىنغان ئۆيلەر پۇختا بولۇپ، يازدا سالقىن، قىشتا ئىسسىق بولىدۇ.

ئۆينى ئىسسىتىش ئۈچۈن كۆپچىلىك ئۆيلەردە قاڭالتىر بىلەن قاپلانغان تام مەش بولىدۇ.

ئۆيلەر ئاساسەن ئېھتىياجغا قاراپ، بىر يۈرۈشى ئۈچ ئېغىزدىن سەككىز ئېغىزغىچە بولىدۇ.

قورا جايى بولغان ھەر بىر تاتار ئائىلىسىدە ئايرىم سېلىنغان مەخسۇس بىر ئاشخانا ئۆي بولىدۇ. بۇ ئۆيدە نان سالىدىغان پېچ، تاماق پىشۇرىدىغان ئوچاق ۋە تۈرلۈك تاماق ئېتىشكە لازىم بولىدىغان جابدۇقلار، خام - پىششىق يېمەكلىكلەر تۇرىدۇ.

تاتار ھويلىلىرىدا ئائىلىۋى سەرراپ، ئەۋرەز، ھاجەتخانا ۋە مال - مۈلۈك قويىدىغان ئامبار ۋە پاز بولىدۇ.

پاز ئامبارئىچىدە چوڭقۇر كولانغان ئورا بولۇپ، چۆرىسى تاش بىلەن قوپۇرۇلىدۇ. ئۈستى تاختاي بىلەن يېپىلىپ ئىچىگە چۈشكىلى بولىدىغان ئېغىز قويۇلىدۇ. ئاغزىدا يېپىلىدىغان قاپقىقى بولىدۇ. قىش كۈنى ئىچىگە مۇز ياكى قار توشقۇزۇلۇپ، ياز كۈنى ئاسان بۇزۇلىدىغان يېمەكلىكلەر قويۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يېمەكلىكلەرنىڭ قېتىپ قېلىشى ھەم سېسىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

ھويلا ئىچىگە دەل - دەرەخلەر، مېۋە كۆچەتلىرى تىكىلىپ گۈل تېرىلىدۇ.

شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشقان تاتارلارنىڭ ئۆيلىرى ئالاھىدە مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۆي ئىچى بىرخىل گۈزەللىكى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.

تاتار ئائىلىلىرىدە ياغاچ، تۆمۈر كارىۋاتلار ئىشلىتىلىدۇ. كاڭ

ياكى سۇپا بولمايدۇ. كىيىم ئىشكاپى، كىيىم ئاسقۇچ ۋە ئۈستۈنكى قەۋىتىگە ئەينەك قويۇلغان ئىشكاپ، ئۆرە ئەينەك، بۇلۇڭ ئۈستىلى، كەنەپى (سافا)، ساندۇق، ئېگىز شىرە، ئورۇندۇق قاتارلىق ئۆي جابدۇقلىرى بولىدۇ.

كارىۋات قويۇلغان تاما گىلەم ئېسىپ، ئۆينىڭ ئاستىغا گىلەم سالىدۇ. كارىۋاتقا يىپەك رەختتىن گۈللەپ شىرىلغان يۇققا كارىۋات كۆرپىسى ياكى ئەديال يېپىپ ئۈستىگە ياستۇقلارنى قويۇپ ياستۇقلارغا ياستۇق قاپ، كارىۋاتقا كارىۋات بېشى، كارىۋات ئېتەكى تىكىدۇ. دېرىزىلەرگە يىپەك رەختتىن يېرىم ۋە ئۇزۇن پەردە، ئىشىككە ئىشىك پەردىسى ئاسىدۇ. ئۇلارغا رېشلىيە، چىلتەر، كانۋالار ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۆينىڭ ئىچىگە ئاجايىپ گۈزەللىك بېغىشلايدۇ.

بۇنداق ئەنئەنىۋى ئادەت تاتار خەلقى ئارىسىدا داۋام قىلىپلا قالماستىن، شەھەر ـ يېزا، قىشلاقلاردىكى باشقا قېرىنداش مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ ئومۇملاشقان. تاتار ئائىلىلىرى ھازىرقى زاماننىڭ زامانىۋى ئۆي ـ جابدۇقلىرى بىلەن تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ ئورتاقلىققا ئىگە يېڭى بىر مەدەنىي ئائىلىلەرگە ئايلانماقتا.

## 3. نىكاھ، ئائىلە، تەربىيە

تاتارلار بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق ئائىلىنى ئاساس قىلىدۇ. ياشلار ئەركىن مۇھەببەتلىشىپ بىر ـ بىرىنى ياقتۇرۇش ۋە رازى بولۇش ئاساسىدا تۇرمۇش قۇرىدۇ.

تاتار خەلقى ئوغۇل ـ قىز پەرزەنتلىرىنى بەك كىچىك ئۆيلەمەيدۇ ۋە ياتلىق قىلمايدۇ. باللىرى ئوقۇپ بىلىم ئېلىپ، بىر ئاز ئەقىل كىرگەندە، ئۆزىنى توختىتىپ تۇرمۇشنى چۈشىنەلەيدىغان، ئۆز ئەقلى ۋە كۈچى بىلەن بىر ئائىلىنى باشقۇرالايدىغان بولغاندا، ئاندىن ئۆيلەيدۇ، ياتلىق قىلىدۇ.

تۇرمۇش قۇرغان تاتار يىگىت ـ قىزلىرى ئۆز ئانىسىنىڭ

بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۈچۈن جان - دىلى بىلەن تىرىشىدۇ. ئەر - ئايال بىر - بىرىنى ناھايىتى ئىززەتلەيدۇ ۋە ئىناق ئۆتۈشكە تىرىشىدۇ. شۇڭا، ئائىلىلەردە بەزى مەسىلىلەردە پىكىر بىرلىكى بولماي بىر - بىرىدىن كۆڭلى ئاغرىپ قالسا، ئۆز پىكرىنى راست قىلىش ئۈچۈن كۈچ ۋە تىل ئىشلەتمەيدۇ. ئادەتتە بۇنداق ئىشقا دۇچ كەلگەندە سۈكۈت قىلىپ ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئۇزاق ئۆتمەي يارىشىپ قالىدۇ. تاتارلاردا ئائىلىدە ئۇرۇش ۋە تىللىشىش ئەڭ پەسكەشلىك ئىش ھېسابلىنىدۇ. تاتارخەلقىدە ئايال يامانلاپ ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە بارمايدۇ. كۈيئوغۇل ۋە كېلىن ئارىسىدا كۆڭۈلسىزلىك بولۇپ قالسا، ھېچقايسى تەرەپ ئۆز ئوغۇل - قىزلىرىغا يان بېسىپ، بىر تەرەپنى ياقلىماستىن، بەلكى ئۆز بالىلىرىنى ياخشى ئۆتۈش، ئىناق بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

تاتار خەلقى ئۆز پەرزەنتلىرىنى سۆيىدۇ، تۇغۇلغان پەرزەنتى ئوغۇل ياكى قىز بولسۇن ھەممىسىنى تەڭ كۆرۈپ ئەتىۋارلايدۇ، قۇرئاندىن ياكى ياخشى ئاڭلىنىدىغان گۈزەل سۆزلەردىن تاللاپ ئىسىم قويىدۇ.

كۆپ ساندىكى پەرزەنت كۆرگەن تاتار ئەر - ئاياللىرى بارلىق زېھنىنى ئۆز پەرزەنتىنى ياخشى تەربىيىلەشكە قارىتىدۇ، پەرزەنتلىرىگە ئەقلىنى تېپىشقا يېتەكلەش بىلەن، پاكىز، رەتلىك بولۇشنى، چوڭلارغا ھۆرمەت، كىچىكلەرگە ئىززەت قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. ئاتا - ئانىلار قېرى - ئاجىز كىشىلەرنى ئۇچراتقاندا، ئۇلارغا پەرزەنتلىرىنى ئۆز قولى بىلەن خەيرى - ساخاۋەت قىلدۇرىدۇ. شۇ ئارقىلىق پەرزەنتلىرىنىڭ قەلبىگە گۆدەك چېغىدىلا ئاجىزلارغا ياردەم قىلىش ھەم يار - يۆلەك بولۇش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى ئورنىتىدۇ.

تاتار خەلقى ئىلىم - مەرىپەتنى سۆيىدۇ. پەرزەنتلىرىنى يەتتە ياشقا توشقاندا مەكتەپكە بېرىدۇ. پەرزەنتىنىڭ ئوقۇشقا بارىدىغان بىرىنچى كۈنى پۈتۈن ئائىلە بايرام كەيپىياتىغا تولـ

دۇ. ئۇقۇشقا بارىدىغان پەرزەنتىنى بىر قۇر يېڭى كىيىم بىلەن كىيىندۈرىدۇ ۋە ئەتىگەنلىك چايدا ياخشى يېمەكلىكلەر بىلەن كىچىك زىياپەت قىلىپ بېرىدۇ. مەكتەپكە ئاپارغىچە ئۇستازلىرىغا ھۆرمەت قىلىشنى، ساۋاقداشلىرى بىلەن ئىناق بولۇشنى جېكىلەيدۇ. پەرزەنتلىرىنىڭ قانداق ئوقۇۋاتقانلىقىنى دائىم تەكشۈرۈپ، ياخشى نومۇر ئالسا تەبرىكلەپ، تېخىمۇ ياخشى ئوقۇشقا ئىلھام بېرىدۇ.

ئاتا - ئانىلار بۇنىڭ بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماستىن، يەنە ئەقلىي ھەم ئەخلاقىي تەربىيىنى كۈچەيتىدۇ. راست سۆزلۈك بولۇشقا، يالغان سۆزلىمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، تېپىۋالغان نەرسىلەرنى ئىگىسىگە ياكى مەكتەپكە تاپشۇرۇشقا، دۆلەتنىڭ ۋە ئاممىنىڭ مال - مۈلكىنى سۆيۈپ ئاسراشقا ھەم قوغداشقا، ئاجىز، كېسەل - مېيىپلارنى كەمسىتمەسلىككە، كىشىلەرگە قولىدىن كېلىشىچە خالىس ياردەم قىلىشقا، ئۇرۇشماسلىق، تىللاشماسلىققا دەۋەت قىلىدۇ. ھەر كىم بىلەن ئىناق بولۇشقا، باشقىلار ئالدىدا سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويسا ياكى كىشىلەرنىڭ دىلىنى رەنجىتىپ قويسا، ئەپۇ سوراپ ئاماقول بولۇشقا ئۆگىتىدۇ. بۇ ئارقىلىق زىددىيەتنىڭ كۈچىيىپ دۈشمەنلىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

تاتارلار ئىلىم - مەرىپەت ۋە ئەمگەك سۆيگۈچى خەلق. ئۇلار ئۆز باللىرىنى بىلىم ئېلىشقا، بولۇپمۇ تارىخ، ھېساب ۋە تىل ئۆگىنىشكە يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۆز تىلىدىن باشقا بىر تىل بىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. پەرزەنتلىرى ئۆسۈپ يېتىلىشى بىلەن ئىلىم - مەرىپەتنى، ئەمگەكنى سۆيۈشكە ئۆگىتىپ ئىلىم ۋە ھۈنەر ئىگىلەشكە دەۋەت قىلىدۇ. قىزلىرىغا ئاش - تاماق ئېتىش، تۇرلۇك يېڭنە ئىشلىرىنى، چىلتەر توقۇش، كانۋا تىكىش، رەشلىيە ئىشلەشنى ئۆگىتىدۇ. شۇڭا، تاتار قىز - ئاياللىرى يىڭنە ئىشلىرىغا بەك چېۋەر كېلىدۇ.

تاتار پەرزەنتلىرى چوڭلارنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيدۇ. ئۆزىدىن

چوڭلارنىڭ ئالدىدا ئاماكا چېكىش، هاراق ئىچىش ئەيىب ۋە چوڭ هۆرمەتسىزلىك سانىلىدۇ.

تاتار ياشلىرى ۋاپادار، ۋىجدانلىق كېلىدۇ، ۋەدىسىدە تۇرىدۇ. مۇبادا پەۋقۇلئاددە ئەھۋال بولۇپ، ۋەدىسىنى ئورۇنلىيالمىسا، ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ كەچۈرۈم سورايدۇ. دوستلۇقنى، ئىتتىپاقلىقنى سۆيىدۇ.

تاتار خەلقى پەرزەنتلىرىنى ئەنە شۇنداق تەربىيىلىگەنلىكتىن، شىنجاڭدىكى هەر قايسى مىللەتلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشقاندا مىللىي ماجرا ياكى باشقا ماجرا سادىر قىلىنمىغانىدى.

## 4. توي، مەرىكە، بايراملار

تاتار خەلقى مېھمان دوست قىزغىن خەلق بولۇپ، ئۆيلىرىگە كەلگەن هەر قانداق مېھماننى خۇش چىراي هۆرمەت بىلەن قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. ئۇبدان مېھمان قىلىپ ئۇزۇتۇپ قويىدۇ.

تاتارلار ۋاقىتقا بەكمۇ رىئايە قىلىدۇ. ئەگەر مېھمان چاقىرسا، چاقىرىلغان مېھمانلار دەل ۋاقتىدا بارىدۇ. ساھىبخان ئاۋۋال چاي، ئاندىن ئاش ئېلىپ كىرىدۇ. مېھمان كۈتۈۋېلىشنى ئاۋۋال قويۇق تاماقلار بىلەن باشلايدۇ. دەسلەپتە قىزدۇرۇلغان گۆش ياكى سالما بىلەن مېھمان قىلىدۇ. ئاندىن بەلىش، كېسەل قويىدۇ. سەل كېيىنرەك مەنجىر (قوشقاچ تىلى سۈيۈقئاش) تارتىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا تۈرلۈك پىرەنىك، باقالى، قەنت - گېزەك، ۋارىنە قاتارلىق تاتلىق ئازۇ - نېمەتلەر بىلەن چاي قويىدۇ.

هازىر تاتار خەلقى ئارىسىدا هەر مىللەت خەلقى بىلەن ياشاش جەريانىدا، ئورتاق بىر خىل مېھمان كۈتۈش شەكلى بارلىققا كەلدى. شۇڭا، تاتارلارمۇ ئورتاق بولغان مېھمان كۈتۈش ئۇسۇلى بويىچە، ئاۋۋال ئۇستەلگە ئۆزلىرى سالغان تۈرلۈك پىرەنىك، باقالى، قالاچ - توقاش، قەنت - گېزەك، مېۋە - چېۋە قاتارلىق.

نەرسىلەرنى تىزىپ چاي قويىدۇ ۋە تۈرلۈك سەيلەرنى تورۇيدۇ.
ئاندىن پولو ئېلىپ كىرىدۇ. ئاخىرىدا ئۈگرە سۇيۇقئاش بىلەن
كۈتىدۇ.

تاتار خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى توي مەرىكىسى ئۆت-
كۈزۈش قائىدىسى بار. تاتار خەلقىدە توي تەرەدۇتى ئەلچى ئەۋە-
تىشتىن باشلىنىدۇ. يىگىت تەرەپ ئۆز ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن
ياكى مەھەللە، يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن ئىككى كىشىنى قىز تەرەپكە
ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. قىز تەرەپ ئەلچىلەرنى قىزغىن كۈتۈۋالى-
دۇ. ئەمما ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە دەرھاللا «ماقۇللۇق» ياكى
«رەت قىلىش» جاۋابىنى بەرمەيدۇ. «ئويلىنىپ كۆرەيلى» دەپ ئەل-
چىلەرنى ئىززەتلەپ، قايتۇرىدۇ. ئەلچىلەر ئارىدا بىر نەچچە نۆۋەت
يۈرگەندىن كېيىن مۇۋاپىق كۆرۈلسە قىزنىنى بېرىشكە رازىلىقىنى
بىلدۈرۈپ قۇدىلىشىدۇ.

ئۇزاق ئۆتمەيلا يىگىت تەرەپ، قىز تەرەپكە
«تولاق سۆيۈنچىسى» (بەزىلەر «ۋەدە بۆلەكى» دەپمۇ ئاتايدۇ)
ئېلىپ كىرىدۇ. بۇنىڭدا پەتنۇسلارغا تۈرلۈك نازۇ - نېمەتلەر، قىز
ۋە ئۇنىڭ ئانىسىغا كىيىملىك رەخت ۋە باشقا سوۋغا - سالاملارنى
ئاپىرىدۇ. بارغۇچىلار قىز تەرەپتىن قىزغىن كۈتۈۋېلىنىدۇ.

يىگىت ۋەدىلىشىش سوۋغىسى سۈپىتىدە قىزغا ئالتۇن بالداق
(قاشسىز ئالتۇن ئۈزۈك) ئەۋەتىدۇ. قىز ئۇنى سول قولىنىڭ
نامسىز بارمىقىغا سالىدۇ. بۇنى كۆرگەن ھەر قانداق كىشى
قىزنىڭ ۋەدىلەشكەن يىگىتى بار ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىدۇ.

ئاندىن يىگىت تەرەپتىن قىز كۆرۈشكە بېرىپ، ئوبدان مېھ-
مان بولۇپ كېلىدۇ. تويغا بىر ئاي ۋاقىت قالغاندا، يىگىت تەرەپ
قىز تەرەپكە ساندۇق ئەۋەتىدۇ. ساندۇق ئەۋەتىلگەندە، ساندۇق
ئۈستىگە كىچىك بالىلاردىن بىر ئوغۇل، بىر قىز ئولتۇرۇپ بارىدۇ.
بۇ ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە، ئوغۇل، قىز پەرزەنتلىرىنىڭ بو...

لۇشنى تىلىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى، ساندۇق ئۈستىگە ئولتۇرۇپ بارغان باللارغا قىز تەرەپ مۇۋاپىق سوۋغاتلارنى بېرىدۇ.

ساندۇقتا قىزنىڭ تويلۇق كىيىم - كېچەكلىرى، تويغا تىكىلىدىغان چارشاۋ (كارىۋات ئۈستىگە ئېسىلىدىغان پەردە)، تۈرلۈك پەردە تىكىلىدىغان رەختلەر، قىز تەرەپنىڭ ئاتا - ئانا ۋە باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا كىيىملىك رەخت سېلىنىدۇ.

ساندۇق كەلگەندىن كېيىن قىز تەرەپ تەييارلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان ۋە خولۇم - قوشنىلىرىنى چاقىرىپ، «ساندۇق تويى» ئۆتكۈزۈپ، تۇغقانلىرىغا يىگىت تەرەپنىڭ سوۋغا-سالامىنى يەتكۈزىدۇ، ئۇرۇق - تۇغقانلار قىزنىڭ تويغا تىكىلىدىغان چارشاۋ، پەردە قاتارلىق نەرسىلىرىنىڭ رەختلىرىنى بۆلۈشۈۋېلىپ، ھەمكارلىشىپ تىكىپ ۋە ئىشلەپ بېرىدۇ.

تەييارلىق پۈتكەندە، توي كۈنى بەلگىلىنىدۇ. تاتارلار ئادەتتە تويىنى كۈز ۋە قىش پەسىللىرىدە ئۆتكۈزىدۇ. يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە تويىنىڭ ئاش - سۈيىنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئەۋەتىلگەن تىرىك ماللارغا قىزىل لېنتىلار چىگىلىدۇ. قىز تەرەپ تويىنىڭ ئاش - سۈيىنىڭ مىقدارىنى بەلگىلەيدۇ، يىگىت تەرەپ ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ تەييارلاپ ئەۋەتىدۇ. مېھمانلارنى تويغا چاقىرىپ باغاق ئەۋەتىدۇ. تويلۇققا، قىز تەرەپ يىگىت تەرەپكە سېلىق سالمايدۇ. يىگىت تەرەپ ئۆزى تاپقانىنى ئەكېلىدۇ. يەتمىسە قىز تەرەپ قوشۇپ ئۆتكۈزىدۇ. توي ئاساسەن قىز تەرەپتە بولىدۇ. تويىنىڭ بىرىنچى كۈنى ئەر مېھمانلار كېلىدۇ.

مېھمانلارغا ئاۋۋال قىزدۇرۇلغان گۆش ياكى كەشمىر تارتىلىدۇ (بەزىدە پولۇمۇ تارتىلىدۇ)، ئۇنىڭ كەينىدىن بەلىش تارتىلىدۇ. ئاخىرىدا پىرەنىك قاتارلىق نازۇ - نېمەتلەر بىلەن چاي قويۇلىدۇ.

شۇ كۈنى يىگىت تەرەپنىڭ ئاتىسى ۋە باشقا تۇغقانلىرى قىز تەرەپكە تويغا بارىدۇ. قىز تەرەپ قۇدىلارغا بال - ماي

(ھەسەل بىلەن سېرىق ماي) تۇتىدۇ. بۇ ئارقىلىق تويلىشىۋات-
قان ھەر ئىككى تەرەپ قۇدىلار بال-مايدەك ئۆتۈشكە تىلەك-
داشلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. يىگىت تەرەپ قۇدىلار، قىز تەرەپ قۇدى-
لارنىڭ سەممىي تىلىكىگە ۋە خىزمىتىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ،
ھەر قايسىسى ئۆزلىرى ئاتىغان پۇلنى پەتنۇسلارغا سالىدۇ.

قىز تەرەپ قۇدىلار تويىنى قىزىتىش ئۈچۈن خادىك ھار-
ۋىنىڭ دوغىسىغا قوڭغۇراق ئورنىغا سەۋزە ئېسىپ، يىگىت تەرەپ-
تىن كەلگەن ئەر قۇدىنى بۇ خادىك ھارۋىنى سۆرەشكە مەجبۇر-
لايدۇ ۋە قىز تەرەپتىن بىر نەچچە ئادەم خادىكقا چۈشۈۋالىدۇ.
خادىكنى تارتىشقا مەجبۇر بولغان قۇدا خادىكنى بىر نەچچە
قەدەم سۆرەيدۇ. بۇ تويىنىڭ پۈتۈن ئېغىرچىلىقىنى كۆتۈرۈشكە
رازىلىق بىلدۈرگەنلىك بولۇپ، تويىنىڭ كەيپىياتى تېخىمۇ يۇقىرى
پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ.

يىگىت ئۆز ئۆيىدە تويغا كەلگەن دوستلىرى بىلەن زىياپەت،
نەغمە-ناۋا قىلىپ، ئويناپ ئولتۇرىدۇ. يىگىت توي ھۆرمىتى-
گە باشتىن-ئاياغ بىر قۇر يېڭى كىيىم كىيىدۇ. مەيدىسىگە
چوڭ قىزىل گۈل تاقايدۇ. دوستلىرى كىچىكرەك قىزىل گۈل
تاقايدۇ، يىگىت دوستلىرى «كىيەۋ جىگىتلەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

قىز ئۆز ئۆيىدە دوستلىرى بىلەن ساز چېلىپ، ناخشا ئېيت-
تىپ ئولتۇرىدۇ. قىز توي ھۆرمىتىگە باشتىن-ئاياغ ئاپئاق
كىيىم كىيىدۇ. مەيدىسىگە چوڭ قىزىل گۈل تاقايدۇ، دوستلىرى-
مۇ كىچىكرەك قىزىل گۈل تاقايدۇ.

يىگىت بىلەن قىزنىڭ نىكاھىسى ئوقۇلغاندا، ئىككى مۆتىۋەر يىگىت-
كە نىكاھ ۋەكىلى بولۇپ، قىز تەرەپكە بارىدۇ. قىزغىمۇ ئىككى
مۆتىۋەر نىكاھ ۋەكىلى بولىدۇ: دىنى ئەنئەنە بويىچە بۇ ۋەكىللەر
يىگىت ۋە قىز ئاتىسىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە بولىدۇ. بۇلار ئۆز
ئارا مەسلىھەت-كېڭەش بىلەن قىزنىڭ مەھرىنى بەلگىلەيدۇ.
بۇ ۋەكىللەرنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن نىكاھ ئوقۇلىدۇ. ھەسەل

بىلەن شىكەردە قايىنىتىلغان نىكاھ شەربىتى ئەۋەتىلىدۇ، نىكاھ شەربىتى قاچىلانغان شىشىگە قىزىل لېنتا گۈللەپ چىگىلگەن بولىدۇ. بۇنى قىزغا ۋە دوستلىرىغا ئىچىزلاندۇرۇپ ئاندىن يىگىتكە ئەۋەتىدۇ. يىگىتتىن باشلاپ بارلىق دوستلىرى ئىچىز تېگىدۇ. نىكاھ شەربىتى ئىككى ياشنىڭ مۇھەببىتىنىڭ بال ۋە شىكەردەك بولۇشىغا تىلەكداشلىقنىڭ ئىپادىسى قىلىنىدۇ. شەربەت سۈيىنى ئىككى بالا يىگىت تەرەپكە ئېلىپ بارىدۇ. باللارغا قول ياغلىق، سوپۇن بېرىپ قايتۇرىدۇ.

يىگىت ـ قىز بىر ـ بىرىگە، قۇتلۇق نىكاھنى تەبرىكلەپ خەت يېزىلغان رەسىملىرىنى ئەۋەتىشىدۇ. يىگىت رەسىمى بىلەن بىرگە «نىكاھ خاتىرىسى» دېگەن خەت ئويۇلغان ئالتۇن ئۈزۈك ۋە ئەتىر سوپۇن سېلىنغان قۇتا ئەۋەتىدۇ. قىز تەرەپ پەتنۇستا يىگىتكە كىيىم ۋە بالداق گۈل ئەۋەتىدۇ.

ئىككىنچى كۈنى ئاياللارنىڭ توي كۈنى بولىدۇ. بۇ كۈنى ئاياللار تويغا بارىدۇ. ئاياللارنىمۇ ئەرلەرنى كۈتكەندىكىدەك تائاملار بىلەن كۈتىۋالىدۇ. يىگىت تەرەپنىڭ ئانا ۋە ئايال تۇغقانلىرىنىمۇ قىز تەرەپكە تويغا بارىدۇ. رەسمىيەت بويىچە ئايال قۇدىلارغىمۇ بال ـ ماي تۇتىدۇ، ئاياللار رەسمىيەت بويىچە ئېغىز تېگىپ ئاتىغان پۇلىنى پەتنۇسقا سالىدۇ. ھەم ئاياللار بىر ـ بىرىنىڭ يۈزىگە ئۇن سۈركەيدۇ بۇمۇ بىر خىل مول رىزىقلىق بولۇشنىڭ ئىپادىسى بولۇپ تويدا قىزىقچىلىق بولىدۇ.

مۇشۇ كۈنى قاراڭغۇ چۈشكەندە، يىگىت دوستلىرى بىلەن پۈۋسكا ياكى خادىك ھارۋىغا چۈشۈپ شوق، قىزغىن جىرلارنى جىرلاپ گارمۇنلىرىنى تارتىپ، قىزنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىدۇ. ئۆيگە يېقىنلاشقاندا قىز تەرەپ ئارقان تارتىپ يول توسايدۇ. يىگىتلەر يول توسقۇچىلارغا سوۋغا بېرىپ بۇ جايدىن ئۆتىدۇ ۋە قىزغىن قارشى ئېلىنىدۇ. يىگىتكە بىر نەچچە مېتر ئۇزۇنلۇقتا ئاق رەختتە پايانداز سالىدۇ. قىز تەرەپنىڭ ئاياللىرى پەتنۇس-

لاردا تەييارلاپ قويۇلغان ياڭاق، ئاق، قەنت ـ گېزەك، تەڭگە پۇللارنى ـ چەشۇ (چاچقۇ) قىلىپ يىگىت بېشىدىن چاچىدۇ، تويغا كەلگۈچىلەر بۇنى قىزىقچىلىق قىلىشىپ قىزغىن تېرىۋالىدۇ.

قىزلار ئۆينى ئىچىدىن تاقىۋېلىپ يىگىتلەرنى بىر ئاز يېلىنىدۇرۇپ، ئاندىن ئىشىكنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئىشىكنى ئېچىپ بەرگۈچىگە يىگىتلەر قائىدە بويىچە قول ياغلىق سوۋغا قىلىدۇ.

يىگىتنى قىزنىڭ ھوجرىسىغا ئېلىپ كىرگەن كېيىن (كۈيئو-غۇل) يىگىتلەر گارمۇن تارتىپ،

پار گوگەر چىمەندەي گورلەشىپ،
يەشەگىز بىرگە ـ بىرگە .
ئىككىڭىزدە پار كىلگەنسىز،
ئايرىلماسىز غومىرگە.

دەپ جىرلايدۇ. ياشلار جىرلار بىلەن توي بولغان يىگىت ـ قىزنىڭ ئۆمۈرلۈك بولۇشىنى تىلەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ يىگىت بىلەن قىزنى قوشۇپ قويۇپ قايتىشىدۇ.

قىزنىڭ ھوجرىسى يېڭى جابدۇقلار، تىكىلگەن تۈرلۈك نەرسىلەر بىلەن بېزەلگەن بولىدۇ. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان ئۇستەلگە تۈرلۈك ئېسىل نازۇ ـ نېمەتلەر، مەسلەن، لېنىتىلانغان بىر جۈپ غازنىڭ گۆشى، تۇش، تورت ۋە باشقا بال ـ مايلار تىزىلغان بولىدۇ.

يىگىت بىلەن قىز خالى قالغان چاغدا ھەر ئىككىسى تاھارەت ئالىدۇ، قىز يىگىتكە ئەقتىدا قىلغان ھالدا، بىللە ناماز ئۆتەيدۇ. ئاللاغا ئىبادەت قىلىپ، شۈكرى ـ سانا ئېيتىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ دۇنيا، ئۇ دۇنيالىق جۈپتىلەردىن بولۇشىنى ۋە بەختلىك خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى تىلەيدۇ.

يىگىت بىلەن قىز قوشۇلغان كۈننىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە

كىيەۋ يىگىتلەر كېلىپ ھاردۇق سوراپ، ئويۇن - تاماشا قىلىدۇ.

قىز تەرەپ كۆيئوغۇل بىلەن قىزغا ئۇششاق قىلىپ تۈگۈلگەن «كىيەۋ پىلمەنى» ۋە پەرەمەش ئېلىپ كىرىدۇ. كەچقۇرۇن يىگىت - قىزلار يىغىلىپ يىگىت بىلەن قىزنى يوقلايدۇ ۋە چىر-چىراپ، ئۇسسۇل ئويناپ كۆڭۈل ئاچىدۇ. مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىپ زىياپەت ئۇيۇشتۇرىدۇ. بۇ كۈن قىزنىڭ دوستلىرىنىڭ، ئۇنى قۇتلۇقلايدىغان كۈنى بولىدۇ، قىزلار ئۆز دوستىنىڭ توينى سەمىمىي تەبرىكلەپ، چىرايلىق ئاتكىرىتكىلارنىڭ كەينىگە بېغىشلىما يېزىپ، ئۇنىڭغا بىر جۈپ ئەترە ياكى بىر جۈپ ئېسىل يۇز سوپۇنى قاتارلىق نەرسىلەرنى قوشۇپ قىزنى قۇتلۇقلايدۇ.

شۇ كۈننىڭ ئەتىسى كىيەۋ يىگىتلەر يىگىتكە ھەمراھ بولۇشۇپ، ئۆز ئاتا - ئانىسىغا كۆرۈشتۈرگىلى ئاپىرىدۇ. شۇ كۈنى چۈشتە قىز تەرەپ، يىگىت تەرەپتىن ئەر - ئايال قۇدىلارنى «قۇدا - قۇداغىلار» دەپ مېھمانغا چىللايدۇ ۋە ياخشى مېھمان قىلىپ كۈتۈۋالىدۇ. قىز چارشاۋ ئىچىدە ئولتۇرىدۇ. يىگىتنىڭ ئانىسى باشلىق يىگىت تەرەپنىڭ بارلىق ئاياللىرى كېلىن كۆرىدۇ. يىگىت ئانىسى كېلىنگە «كۆرۈملۈك» دەپ ئالتۇن بالداق سوۋغا قىلىدۇ. باشقا ئايال تۇغقانلارمۇ كېلىنگە ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن سوۋغىسىنى تەقدىم قىلىدۇ. ئەتىسى يىگىت تەرەپ قىز تەرەپنى چىللايدۇ.

يىگىت تويدىن كېيىن قىزنىڭ ئۆيىدە بىر نەچچە ئايدىن بىر يىلغىچە تۇرىدۇ. بۇنى تاتارلار «كىيەۋ لەتىۋ» ① دەپ ئاتايدۇ.

---

① «كىيەۋلەتىۋ» — تاتار خەلقىنىڭ خاس بىر خىل ئۆرپ - ئادىتىدۇر. قىز تەرەپنىڭ يىگىتنى كىيەۋلىتىشى ئۆز كۆيئوغلىنى ياخشى كۆرۈش ۋە ھۆرمەت قىلىشىنى مەقسەت قىلىش بولۇپ، مۇھىمى ئۆز قىزىنىڭ يىگىت تەرەپ ئائىلىسىگە سىڭىپ ئۆزلىشىۋېلىش ۋە ئائىلىۋى تۇرمۇشىنى باشتۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىشنى كۆزدە تۇتىدۇ (ت).

بىر نەچچە ئاي ياكى بىرەر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، تويغا ئەلچى بولغۇچىلار قىز تەرەپكە بېرىپ ئوغۇل بىلەن كېلىننى كۆچۈرمەكچى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ، ئىككى تەرەپ مۇۋاپىق كۈننى بەلگىلەپ، قىزنى كۆچۈرىدىغان كۈننى بېكىتىدۇ. قىز تەرەپ «قىز ئۇزىتىش» قا دەپ، يىگىت تەرەپ «كېلىن چۈشۈرۈش» كە دەپ ئۆز ئۆيلىرىگە مېھمان چاقىرىدۇ. يىگىت تەرەپ ھارۋا ئەۋەتىدۇ، بۇ ھارۋىدا قىزنىڭ ئانىسى ئۆزىنىڭ ئەر - ئايال تۇغقانلىرى بىلەن قىزنى كۆچۈرۈپ، يىگىت تەرەپكە ئۇزىتىپ بارىدۇ. قىزنىڭ ئانىسى قىزىغا تويغا ئىشلەتكەن بارلىق نەرسىلەرنى ۋە بىر يۈرۈش قاچا - قۇچا ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى، ئورۇن - كۆرپە، گىلەم، پەردىلەرنى، قىسقىسى بىر ئۆينى جابدۇغۇدەك نەرسىلەرنى بېرىدۇ. ئاتا - ئانا قىزىغا نەسىھەت قىلىپ، قېيىن ئاتا - ئانىسىنى ياخشى كۈتۈشنى ۋە ھۆرمەت قىلىشنى، يولدىشىنى ئىززەتلەشنى تاپىلاپ ئۆمۈرلۈك ۋە بەختلىك بولۇشنى تىلەپ پاتىھە (دۇئا) بېرىدۇ.

كېلىن كۆچۈرۈلۈپ كېلىنگەندىن كېيىن، يىگىت تەرەپ ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - جامائەتنى چاقىرىپ، مەرىكە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ ھەمدە ئەنئەنە بويىچە كېلىن ئاشخانىغا كىرىپ، قېيىن ئانا باشلىق ئايال جامائەتنىڭ كۆز ئالدىدا، ئالدىن يۇغۇرۇپ تەييارلاپ قويۇلغان خېمىرنى قىيمىقچە كەسمە (مەنجىزە سۇيۇقئاش) قا لايىق قىلىپ، ھەم نېپىز ھەم دوپدۇگىلەك قىلىپ يېيىپ، ئۆزىنىڭ ئىشقا چېۋەرلىكىنى نامايان قىلىپ سىناقتىن ئۆتىدۇ. يىگىت ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ كىچىك ئوغۇل - قىزلىرى يېيىلغان يايمىنى ئادەت بويىچە يىرتىدۇ. ئۇلارغا كېلىن ئۆزى تەييارلاپ كەلگەن باللارغا لايىق سوۋغىلارنى بېرىدۇ. بۇ ئەنئەنىۋى ئادەت ئارتىلىق كېلىننىڭ ئۆز ئائىلىسىگە تېز سىڭىپ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ باللىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىپ، تېز ئۆزلىشىپ كېتىشىگە زېمىن ھازىرلاپ بېرىدۇ.

ئىنقىلابتىن كېيىن، تاتارلارنىڭ كونا توي قائىدىلىرىمۇ ئۆزگەردى. تاتارلاردا ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىسىدا يېڭى ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە يېڭىچە توي ئۆتكۈزۈش قائىدە - يوسۇنى بارلىققا كەلدى. ھازىر بۇ خىل يېڭىچە توي مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقان شەھەرلەردە ياشىغۇچى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ توي ئۆتكۈزۈشتىكى ئورتاق قائىدىسىگە ئايلاندى.

ھازىر نىكاھ ئەركىنلىكىگە ئاساسەن، يىگىت - قىز بىر بىرى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، مۇۋاپىق تېپىپ ئۆمۈرلۈك بولۇشقا نىيەت قىلسا، ھەر قايسىسى ئۆز ئاتا - ئانىلىرىغا بىلدۈرىدۇ. ئاندىن كېيىن، رەسمىيەت بويىچە يىگىت تەرەپتىن ئىككى مۆتىۋەرنى ئەلچى قىلىپ قىزنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىدۇ. قىز تەرەپ كەلگەن ئەلچىلەرنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، «ئويلىشىپ كۆرەيلى» دەپ قايتۇرىدۇ. ئەلچىلەر ئۇزاق ئۆتمەي يەنە كېلىپ «ماقۇللۇق» جاۋابىنى ئالىدۇ. جاۋاب ئالغاندىن كېيىن، يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە «كىچىك چاي» ئاپىرىدۇ. «كىچىك چاي» قىزغا ۋە ئانىسىغا ئاتىغان كىيىملىك رەخت ۋە نازۇ - نېمەتلەردىن ئىبارەت بولىدۇ. قىز تەرەپ مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ مېھمان قىلىدۇ. كېيىن يىگىت تەرەپنىڭ تەييارلىقى پۈتسە، قىز تەرەپكە «چوڭ چاي» ئاپىرىدۇ.

«چوڭ چاي» ئادەتتە تويغا ئىككى ھەپتە ۋاقىت قالغاندا، ئاپىرىلىدۇ. بۇ چاغقىچە قىزنىڭ تويلۇق كىيىم - كېچىكى تەييارلىنىپ بولغان بولىدۇ.

«چوڭ چاي»غا يىگىتنىڭ ئاتىسى، ئەلچىلەر ۋە مۇھىم ئەر تۇغقانلار ۋە يار - بۇرادەرلەردىن ئون نەچچە ئەر، يىگىت ئانىسى ۋە ئايال تۇغقان ۋە يېقىنلاردىن بولۇپ، ئون نەچچە ئايال بارىدۇ.

ئاياللار تۈرلۈك پىرەنىك، نازۇ - نېمەتلەر، قەنت - كېزەكلەر، نان، گۆش، چاي ۋە قىز تەرەپنىڭ ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا قويۇلىدىغان سوۋغا - سالاملارنى ئېلىپ بارىدۇ.

قىز تەرەپمۇ ئۆزىنىڭ ئەر - ئايال تۇغقانلىرىنى يىغىپ ھازىرلىق قىلىپ مېھمانلارنى ئوبدان كۈتىدۇ. ئەرلەر توي كۈنىنى ۋە قىز تەرەپكە بېرىلىدىغان تويغا لازىمەتلىك نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بەلگىلەيدۇ.

قىز تەرەپكە بېرىلىدىغان تويغا لازىمەتلىك نەرسىلەرنى يىگىتلەر جۈمە كۈنى چۈشتىن كېيىن يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ يەكشەنبە كۈنى بولىدىغان تويىنىڭ باغچى تارقىتىلىدۇ.

شەنبە چۈشتىن كېيىن، تويى بولىدىغان قىزنىڭ دوستلىرى قىز تەييارلىغان گىلەم، دېرىزە، ئىشىك پەردىلىرىنى، ئورۇن - كۆرپە ياستۇقلارنى ۋە ئۆينى بېزەيدىغان گۈزەل - سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئېلىپ كېلىپ ئۆينى ياساپ تۈزەشتۈرىدۇ.

يەكشەنبە كۈنى توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ (ھازىر شەھەرلەردە دەم ئېلىش كۈن يەكشەنبە كۈنى بولغانلىقتىن توي كۆپ ۋاقىتلاردا يەكشەنبە كۈنى بولىدۇ). يىگىت ۋە قولدىشى، يىگىت ئاتىسى ۋە توي ئەلچىلىرى بامداتتىن يانغان ئىمامنى ئېلىپ قىز تەرەپكە نىكاھ ئوقۇتۇشقا بارىدۇ. ئىمام يىگىت بىلەن قىزنىڭ ماقۇللۇق جاۋابىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېرىلگەن توي قىلىش گۇۋاھنامىسىنى كۆرۈپ، نىكاھ ئوقۇيدۇ. نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، نىكاھ شەربىتىنى ئىچكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نىكاھ ئاخىرلىشىدۇ. يىگىت تەرەپ قايتىپ كېتىدۇ. ۋە ھەر قايسى ئۆزلىرى تەرىپىدىن تويغا چاقىرىلغان مېھمانلارنى كۈتىدۇ. مېھمانلار ئۇزاپ بولغاندا، قىزنى كۆچۈرگىلى بارىدۇ. قىزنى كۆچۈرۈش

ئۇچۇن يىگىت ئاتىسى ۋە ئەر قۇدىلاردىن بەش - ئالتە ئەر، يىگىت ئانىسى ۋە ئايال قۇدىلاردىن ئۇنچە ئايال، يىگىت ۋە ئۇنىڭ قولداشلىرى بارىدۇ.

قىز تەرەپ كەلگەن مېھمانلارنى ئوبدان كۈتۈپ مېھمان قىلىدۇ. يىگىتلەر ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينايدۇ ۋە قىزنىڭ دوستلىرى بىلەن ئولتۇرغان ئۆيگە بېرىپ، ئۇلارنى ئېلىپ، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىغا بارىدۇ. قىز ئاپئاق كىيىنىدۇ ۋە يۈزىنى ئاق بۆرتمەشال بىلەن يېپىۋالىدۇ. قىزنىڭ ئانىسى قىزغا رازىلىق بېرىپ بەختلىك بولۇشقا دۇئا بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يىگىتلەر تاتارچە شوخ جىرنى جىرلاپ قىزنى كۆچۈرۈپ ماڭىدۇ. قىزنى ئۇنىڭ ئايال تۇغقانلىرى، تويغا كەلگەن دوستلىرى ئۇزۇتۇپ بارىدۇ. يىگىت تەرەپ مېھمانلارنى چاي ۋە ئاش بىلەن كۈتىۋالىدۇ. يىگىت، قىزلار ئولتۇرۇپ كەچكىچە ئويۇن - تاماشا قىلىپ، تويىنى قىزىتىدۇ. كەچ بولغاندا يىگىت بىلەن قىزنى ھوجرىسىغا ئەكىرىپ قوشۇپ قويۇپ قايتىشىدۇ.

ئەتىسى ئەتىگىنى قىز تەرەپتىن «ئىسسىقلىق ئاش» ئەكىلىنگەندىن كېيىن، يىگىتنى ئۇنىڭغا ئېغىز تەككۈزىدۇ، ئاندىن قولدىشى بىلەن بىللە، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغا سالامغا بارىدۇ. مېھمان بولۇپ قېيىن ئاتا - ئانىلىرىنىڭ سوۋغىلىرىنى ئېلىپ قايتىدۇ. كەچقۇرۇن يىگىت - قىزلار كېلىپ يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرۇشۇپ، مېھمان بولۇپ ئوينايدۇ بۇ «كېچىلىك» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەتىسى يىگىت تەرەپتىن ئىككى ئايال قىزنى ئاتا - ئانىسىغا كۆرۈشتۈرگىلى ئېلىپ بارىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي يىگىت تەرەپ قىز تەرەپنى مېھمانغا چاقىرىدۇ. بۇ «چىللاق» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاندىن قىز تەرەپ يىگىت تەرەپنى مېھمانغا چاقىرىدۇ.

تاتار خەلقىدە قىز قېيىن ئانىسىنىڭ ئۆيىدە بوشىنىدۇ ۋە

شۇ ئۆيدە بۆشۈك تويى ئۆتكۈزۈلىدۇ. تاتارلارمۇ ئوغۇل بالا يەتتە ياشقا كىرگەندە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتى بويىچە خەتنە قىلىپ، «سۈننەت» نى ئادا قىلىدۇ ۋە سۈننەت توي ئۆتكۈزىدۇ.

تاتارلارنىڭ ئۆلۈم ئۇزىتىش ئادىتى بۇرۇنقىسى بىلەن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ.

ھازا بولغان ئۆيدىكى كىشىلەردە ئادەتتە ئاق ياكى قارا باغلاش ئادىتى بولمايدۇ. مېيىتنى سۇغا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاق داكا بىلەن كېپەنلەيدۇ. ئۆلۈم بولغان ئۆيدە ۋارقىراپ يىغلاش، قوشاق قېتىپ يىغلاش ئادىتى بولمايدۇ. قەبرە بېشىغا ئەرلەرلا چىقىپ، دەپنە قىلىدۇ. ئۈچى، يەتتىسى، قىرقى، يىلى توشقاندا نەزىر ئۆتكۈزۈلىدۇ. مەرھۇمنىڭ كىيىم - كېچىكى كەمبەغەل كىشىلەرگە سەدىقە قىلىنىدۇ. نەزىردە پولۇ ياكى كەشمىر بېرىلىدۇ. ئاندىن چاي، ھالۋا بىلەن نان قويۇلىدۇ.

ھازىر ئاۋۋال نان بىلەن پوشكال، چاي قويۇلۇپ، ئاندىن پولۇ تارتىلىدۇ.

تاتارلاردا روزى ھېيت، قۇربان ھېيت قاتارلىق ھېيتلاردىن باشقا يەنە «سابان تويى» يەنى، قوش چىقانلىق تويى، دەپ ئاتىلىدىغان، دېھقانلار ئارىسىدا ئومۇملاشقان بايرام بولىدۇ.

«سابان تويى» ئەتىيازدا قار - مۇزلار ئېرىپ، يەر قۇرۇغان چاغدا، ھاۋانىڭ ئوچۇق ۋە ئىللىق بىر كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بايرام ئۆتكۈزۈلۈشتىن ئاۋۋال يېزا ياكى يۇرت بېشىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ تەييارلىق كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭغا، ئاساسەن مەكتەپ بالىلىرى ۋە ياشلار قاتنىشىدۇ، ئۇلار ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ، ھەربىر ئۆيدىن ئىئانە يىغىدۇ، ھەربىر ئۆي ئىگىلىرى تىزغىنلىق بىلەن پۇل، تۇخۇم قاتارلىق نەرسىلەرنى بېرىدۇ. قىزلار ئۆزلىرى ئىشلىگەن قول ياغلىق ۋە لۆڭگىلەرنى تەقدىم قىلىدۇ. بۇ نەرسىلەرنى مەخسۇس ھەيئەت باشقۇرۇپ، يىغىلغان نەرسىلەر-

دەپ ئاتايدۇ. گۆش قىيمىسىغا تۇخۇم قويۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، ناھايىتى كىچىك قىلىپ تۈگۈلگەن چۆچۈرىنى «كەيەۋ پىلمەنى» (كۆيئوغۇل چۆچۈرىسى) دەپ ئاتايدۇ. ئىرىمچىك پىلمەنى خەس ئىرىمچىك سېلىپ تۈگۈلىدۇ. گىلاس پىلمەنى خەس گىلاس قىيمىسى سېلىنىپ تۈگۈلىدۇ.

3.كەشمىر. كەشمىر ئات ياكى كالا، قوي ياكى ئۆغلاق گۆشلىرى بىلەن سەۋزە سېلىنىپ، پىشۇرۇلغان تاماق. ھەر خىل ماللارنىڭ گۆشى بىلەن سەۋزە قاينىتىپ پىشۇرۇلغاندىن كېيىن، سۈزۈۋېلىپ يېيىلىدۇ. تاتارلار بۇنى كەشمىر، دەپ ئاتايدۇ.

4. قىزدۇرما (قاقلانما). ئات، كالا، قوي، ئۆغلاق، توخۇ، غاز قاتارلىقلارنىڭ گۆشلىرى (غاز، توخۇ قاتارلىقلار پارچىلانماي، پىشۇرۇلىدۇ) سۇغا سېلىپ پىشۇرۇپ ئېلىنغاندىن كېيىن، ئاندىن تاۋىلارغا سېلىنىپ مەشتە قاقلاپ قىزارتىلىدۇ.

ياكى ئۇنىمۇ پىشۇرۇۋېلىپ، بىر - ئىككىلىك قېلىنلىقتا كېسىپ، تاۋىغا سېلىپ مەشتە قاقلاپ قىزارتىدۇ، ئاندىن قىزارتىلغان گۆش بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېيىلىدۇ. بۇنى قىزدۇرمىلار، دەپ ئاتايدۇ.

5. گۆبەدىيە ۋە بەلىش. گۆبەدىيە ئىچىگە گۈرۈچ، ئېرىمچىك، سېرىق ماي، ئۈزۈم، ئۆرۈك قاتارلىقلار قوشۇلۇپ ئېتىلىدىغان بىرخىل بەلىش.

ئېت (ئەت) بەلىش (گۆش بەلىش) خەس گۆشنى ئۇششاقراق توغراپ ئېتىلىدىغان بىرخىل بەلىش.

قوي گۆشلىرى سېلىنغان بەلىشلەر «قارا بەلىش» ياكى «تاۋىق بەلىشى» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ.

«قاباق بەلىشى» — كاۋا بەلىشى، بۇمۇ ئاساسلىقى كاۋىنى ئۇششاق توغراپ ئاندىن گۈرۈچ، ماي، شېكەر، ئۆرۈك، ئۈزۈم قاتارلىقلار بىلەن ئېتىلىدۇ.

بەلىشىنىڭ يەنە بىرخىلى بولۇپ، ئۇ «ئۇۋاق بەلىشى» دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ ئۇۋاق بەلىشلەر، گۆش «ئېت (ئەت) سالغان ئۇۋاق بەلىش»، «گۈرۈچ بىلەن تۇخۇم سالغان ئۇۋاق بەلىش»، «قاپاق سالغان ئۇۋاق بەلىش» دەپ ئىچىگە سالغان ئاساسلىق نەرسىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدۇ.

بەلىشلەرنىڭ خېمىرى ئاساسەن ماي سېلىپ يۇغۇرۇلىدۇ. تاۋىغا بىر سانتىمېتىر قېلىنلىقتا دەل كەلگۈدەك يۇملاق قىلىپ يېيىلىدۇ. خېمىرغا گۆش قاتارلىق نەرسىلەرنى سېلىپ، ئۈستىگىمۇ سەل نېپىزرەك قىلىپ يېيىلغان خېمىر يېپىپ چۆرىسىنى تۇگۇپ، پېچكە سېلىپ پىشۇرۇلىدۇ. ئۇۋاق بەلىشىنىڭ خېمىرى يۇقىرىقىدەك يۇغۇرۇلۇپ، سەل نېپىز يۇملاق قىلىپ يېيىلىدۇ. قىيمىنى ئوتتۇرىغا سېلىپ، خېمىرنىڭ چۆرىسىنى قايرىپ ئۈچ بۇرجەك قىلىپ تۈگۈلىدۇ، گۈرۈچ، تۇخۇملار پىشۇرۇلغاندىن كېيىن ئىچىگە سېلىنىدۇ.

6. پەرەمەچ ۋە سومسا. پەرەمەچنى تۈگكەندە، پېتىر ياكى بولدۇرۇلغان خېمىرنى چاي چىنىسىنىڭ ئاغزىدىن سەل چوڭراق قىلىپ يۇملاق يېيىپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىيمىنى نېپىز قىلىپ يېيىپ، قىيما يېيىلغان جىلتىنى ئوتتۇرىسىغا يۆكۈپ، ياپىلاق قىلىپ تۈگىدۇ. ئوتتۇرىسىدا تەڭگىچىلىك ئېغىز قالدۇرىدۇ. ياكى پوتىنلەي ئېتىپ تۈگۈۋەتسىمۇ بولىدۇ. پەرەمەچنى خەس گۆش قىيمىسىدىمۇ ياكى گۆش بىلەن ياڭيۇنى ئارىلاشتۇرۇپ قىلغان قىيمىدىمۇ، خەس ياڭيۇ قىيمىسىدىمۇ پىشۇرۇش مۇمكىن. پەرەمەچنى قىزدۇرغان ياغقا سېلىپ پىشۇرىدۇ. ئاندىن جىمبىلغا سېلىپ، ئون مىنۇتتەك پاردا هوردىسا يۇمشاق ۋە يېيىشلىك بولىدۇ.

سومسا گۆش قىيمىسىدىن پىشۇرۇپ قىيما قىلىنغان تۇخۇم قىيمىسى، پىشۇرۇلغان گۈرۈچتىن، توغرالغان سەۋزە قاتارلىق نەرسىلەردىن ئېتىلىدۇ. خېمىرنى نېپىز يۇملاق قىلىپ يېيىپ،

دىن سوۋغات ھازىرلايدۇ.

«سابان تويى» دا باللارنىڭ ۋە چوڭلارنىڭ چېلىشىشلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ. يېڭىپ چىققۇچى مۇكاپاتلىنىدۇ. باللارنىڭ ھەم چوڭلارنىڭ يۈگۈرۈش مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بىرىنچى بولۇپ كەلگۈچىلەرگە ئەلا دەرىجىدىكى مۇكاپات بېرىلىدۇ ۋە بارلىق يۈگۈرۈشكە قاتناشقۇچىلارغا ئىلگىرى - كېيىنلىكىگە قاراپ مەلۇم دەرىجىدە مۇكاپات بېرىلىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، تاغار كىيىپ، ئىككى قولى بىلەن تاغارنىڭ ئاغزىنى تۇتۇپ يۈگۈرۈش، تۇخۇم سېلىنغان قوشۇقنى چىشلەپ، تۇخۇمنى چۈشۈرۈۋەتمەي، بەيگىدە ئۇزۇپ چىققانلارنى مۇكاپاتلايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە كەڭ ئېرىقتىن سەكرەپ ئۆتۈش، سوپۇن بىلەن سىلىقلانغان موما ياغاچقا يامىشىپ چىقىش قاتارلىق تۈرلۈك، مەزمۇنى مول بولغان تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە بۇ پائالىيەتلەرگە قاتناشقۇچىلار مۇۋاپىق تەقدىرلىنىدۇ، بۇ پائالىيەتلەرنىڭ ئەڭ قىزىقى ۋە تەنتەنىلىكى ئات بەيگىسى بولىدۇ. ياش يىگىتلەر ئۆزلىرى باققان ئاتلىرى بىلەن بەيگىگە چۈشىدۇ. ئۇزۇپ چىققانلارغا ئەڭ ئېسىل مۇكاپات بېرىلىدۇ. بەيگىگە قاتناشقان بەيگىچىلەرنىڭ ھەممىسى پەرقلىق ھالدا مۇكاپاتلىنىدۇ. مۇكاپات يىغىلغان ئىئانىنىڭ مىقدارىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

1927 - يىلى غۇلجا شەھىرىدىكى تاتارلار شەھەر ئەتراپىدىكى «قارا ياغاچ» دېگەن جايدا بىر نۆۋەت «سابان تويى» ئۆتكۈزۈپ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلىغانىدى.①

---

① پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى چوڭ ياخشى ۋەزىيەت ئاستىدا ئۈرۈمچىدىكى تاتار خەلقى 1986 - يىلى 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى خۇشال-خورام ھالدا سابان تويى ئۆتكۈزدى.

## 5. ئەنئەنىۋى تائاملار ۋە ھازىرقى تائاملار

تاتار خەلقىنىڭ تۈرلۈك خىلدىكى ئەنئەنىۋى مىللىي تائاملىرى، نازۇ - نېمەتلىرى، ئىچىملىكلىرى ۋە مۇراببالىرى لەززەتلىكلىكى، مەززىلىكلىكى، شېرىنلىكلىكى، تاتلىقلىقى، ئاچچىق - چۈچۈكلىكى بىلەن كىشىلەرگە ھوزۇر بېغىشلايدۇ.

بۇ تائاملار بۇغداي ئۇنى، پۇرچاق، گۈرۈچ قاتارلىق ئاشلىقلاردىن، ئات، كالا، قوي، ئۆچكە گۆشلىرىدىن، توخۇ، غاز، ئۆردەك گۆشى ۋە تۇخۇملىرىدىن؛ تۈرلۈك بېلىق گۆشلىرىدىن؛ ياڭيۇ، سەۋزە، پىياز، كاپۇستا، كاۋا قاتارلىق كۆكتاتلاردىن؛ ماي، سۈت، قايماق، شېكەر، ھەسەل ۋە تۈرلۈك ھۆل - قۇرۇق مېۋىلەردىن تەييارلىنىدۇ. بۇ خىل تائاملار شورپىلىق ئاش، قىزدۇرما ئاش، سالما ئاش، بەلىش، گۇبەدىيە، پەرەمەچ، سومسا، بوككەن، تۇتىرما، سۈت ۋە تۇخۇم ئاشلىرى، پىرەنىك قاتارلىق نازۇ - نېمەتلەر، مۇراببالار، شەربەتلەر، مېۋە سۇلىرىدىن بولۇپ نەچچە خىلغا بۆلۈنىدۇ.

1. شورپا. ئادەتتە قوي - ئوغلاق، ئات، كالا، غاز، توخۇ، ئۆردەك، بېلىق قاتارلىقلارنىڭ گۆشلىرىنى قاينىتىپ پىشۇرۇلىدۇ.

2. شورپىلىق تائاملار. گۈرۈچ ياكى پۇرچاق سېلىنىپ پىشۇرۇلغان ئات، كالا، توخۇ، غاز قاتارلىقلارنىڭ گۆشلىرى سېلىنىپ قاينىتىپ پىشۇرۇلغان ئاشلار، قېيمىقچە، كەسمە مەنجىر، ئۇگرە، سۇيۇقئاش، چۆچۈرىلەر، شورپىلىق ئاشلار، دەپ ئاتىلىدۇ.

تاتار خەلقىنىڭ چۆچۈرىلىرى بىر نەچچە خىلغا بۆلۈنىدۇ. تاتار خەلقى چۆچۈرىنى «پېلمەن» دەپ ئاتايدۇ:

گۆش بىلەن پىيازنى قىيما قىلىپ تۈگىدۇ. بۇنى «پېلمەن»

قىيما سېلىپ پۈكۈپ ھەم قىلىپ تۈگىدۇ. سومسىنىڭ ئىچىگە گۆش قىيمىسى سېلىنسا، گۆش سومسىسى، تۇخۇم قىيمىسى سېلىنـسا، تۇخۇم سومسىسى، دەپ ئاتىلىدۇ. سومسىمۇ تىزدۇرۇلغان ياغقا سېلىنىپ پىشۇرۇلىدۇ.

7. بوككەن. ئەتكەندە، بولدۇرۇلغان خېمىرنى نېپىز، يۇمىلاق يېيىپ، قىيما سېلىپ، پۈكۈپ چۆرىسىنى يىمىلاپ بېسىپ، قىيىقچا كەسكۈچ بىلەن كېسىپ گۈل چىقىرىپ، تىزدۇرۇلغان ياغدا پىشۇرىدۇ. ئاندىن جىمبىلدا دۇملەيدۇ.

بوككەننىڭ قىيمىسى گۆش، تۇخۇم، كاۋا، سەۋزە قاتارلىقلار-دىن تەييارلىنىدۇ. ئىچىگە سالغان قىيمىسىغا ئاساسەن گۆش بوككەن («ئېت بوككەن»)، «قاباق بوككەن» دەپ ئاتايدۇ.

8. گۆشلۈك قاتلىما (ئېتلىق قاتلىما). گۆشنى ئۇششاق قىيما قىلىپ، خېمىرنى ئۇگرە سۇيۇقئاشقا يايغاندەك نېپىز يېيىپ، ئۇنىڭغا گۆش قىيمىسىنى تەكشى يېيىپ، ئاندىن يۇمىلاق ئوراپ تۆتلىك كەلگۈدەك كېسىپ جىمبىلغا سېلىپ دۇملەيدۇ. بۇنى گۆشلۈك قاتلىما («ئېتلىق قاتلىما») دەپ ئاتايدۇ.

9. سۈت ۋە تۇخۇمدىن قىلىنىدىغان تائاملار. تۇخۇم تەبەسى. بىر تۇخۇمغا بىر قوشۇق سۈت قوشۇپ ياخشى چېلىپ، ياغ سۈر-تۈلگەن تىزدۇرۇلغان تاۋىغا قويۇپ پىشۇرۇلىدۇ. بۇنى «تۇخۇم تەبەسى» دەپ ئاتايدۇ.

10. قولداما ۋە سالما. قولداما ۋە سالما ئاق ئۇننى چىڭ قىلىپ يۇغۇرۇپ، تىنىغاندىن كېيىن، يۇمىلاق قىلىپ، قوناقتىن سەل چوڭراق ئۈزۈپ ئاشتاختىدا تويۇپ بارماق بىلەن يېمىرىپ ئېتىدۇ. بۇنى «سالما» دەيدۇ. قولداما ئۇنىڭدىن خېلى چوڭ بولىدۇ. سالما ياكى قولداما قاينىتىلىپ پىشۇرۇلغاندىن كېيىن، سۈزۈۋېلىنىپ، ئۇنىڭـغا پىشۇرۇلغان ئات، كالا، توي قاتارلىق ماللارنىڭ گۆشىنى ئۇششاق

توغراپ، ئارىلاشتۇرۇپ، تەمزىنى ياكى قىزدۇرۇلغان ياڭيۇنى ئارىلاشتۇرۇپ، گۆشنىڭ شورپىسىنى قويۇپ، قازاندا ئىسسىتىپ يېيىلىدۇ.

11. تۇتىرغان ئاۋىق (تولدۇرۇلغان توخۇ). بوغۇزلانغان توخۇنى ئاۋايلاپ تېرىسىنى زەخمىلەندۈرمەي يۇلداپ، ئاندىن كېيىن قورسىقىنى كىچىككىنە يېرىپ ئىچى - قارنىنى تازىلاپ پاكىز چايقايدۇ. يېرىلغان جايىنىڭ تېرىسىنى ئاق يىپتا ئۇششاق زىچ تىككەندىن كېيىن، توخۇنىڭ بويىنىنى كېسىۋېلىپ، شۇ جايدىن بارماق بىلەن ئاستا - ئاستا پۈتۈن تېرىسىنى گۆشتىن ئاجرىتىدۇ. تېرە بىلەن گۆشىنىڭ قېتىغا ھەم توخۇنىڭ ئىچىگە توخۇم بىلەن سۈت ۋە ئاز مىقداردا سېرىق ماي ئارىلاشتۇرۇپ قويۇپ توشتۇرۇلغاندىن كېيىن، شۇ جاي ئېتىلىدۇ. ئاندىن قازانغا سېلىپ ئاستا قاينىتىپ پىشۇرۇلىدۇ.

12. كىسەللەر. كىسەل ياڭيۇ كراخمالى ياكى پۇرچاق ئۇنى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. كراخمالنى ياكى پۇرچاق ئۇنىنى سۇغا چىلاۋېلىپ، ئۇنىڭغا شېكەر ھەم مېۋىلەردىن مالىنا، قارىقات، بۆلدۈرگەن، ئالما، ئۆرۈك، قارىئۆرۈك، چىلان قاتارلىق ھۆل مېۋىلەرنى سېلىپ قاينىتىپ، كراخمال پىشقاندىن كېيىن چوڭ چىنىلەرگە قويۇپ ئۇيۇتىلىدۇ. كىسەل تاماقتىن كېيىن يېيىلىدۇ.

13. مېۋە سۈلىرى. قۇرۇتۇلغان ئالما قېقى، چىلان، شاپتۇل قېقى، ئۆرۈك قېقى، قۇرۇتۇلغان ئۈزۈم قاتارلىق قۇرۇق مېۋىلەرنى قايناق سۇغا چىلاپ تەمى چىقىرىلىپ ئىچىلىدۇ. بۇنداق مېۋە سۈلىرى تاماقتىن كېيىن ئىچىلىدۇ، تاماقنىڭ سىڭىشىنى تېزلىتىدۇ، ھەم مىجەزنى تەڭشەيدۇ.

14. چاي تائاملىرى. قۇيماق، بولدۇرۇلغان خېمىرنى سەل سۇيۇلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا چېلىنغان توخۇم ۋە ماي قويۇپ ياخشى

ئارىلاشتۇرۇپ، قىزىغان تاۋىغا ماي سۈركەپ، شۇنىڭغا قويۇپ پىشۇرۇلىدۇ. قويماقنى ھەر خىل ئۇنلاردا ئەتكىلى بولىدۇ.

بىلىن. بىلىن بولدۇرغان خېمىرغا ماي ۋە تۇخۇم قوشۇپ يۇغۇرۇلۇپ، نېپىز يېيىلىپ، قىزىغان تاۋىغا ماي سۈركەپ، ئاستى-ئۈستىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ پىشۇرۇلىدۇ.

**15.** پىرەنىكلەر. پىرەنىكلەر مەلۇم مىقداردا ئۇن، تۇخۇم، شېكەر، سۈت قاتارلىقلار سېلىنىپ ياخشى ئارىلاشتۇرۇپ، بىر سانتىمېتىر قېلىنلىقتا يېيىلىپ، تۈرلۈك شەكىلدىكى قاڭالتىردىن ياسالغان قېلىپلار بىلەن كېسىۋېلىپ دوخوپكىدا پىشۇرۇلىدۇ. يۈزىگە شېكەر مىلەنسە شېكەرلىك پىرەنىك، دەپ ئاتىلىدۇ. خەس تۇخۇمنىڭ سېرىقى سېلىنسا سېرىق پىرەنىك، خەس تۇخۇمنىڭ ئېقى سېلىنسا ئاق پىرەنىك، دەپ ئاتىلىدۇ. پىرەنىكلەرنىڭ تۈرلىرى ياڭاق پىرەنىك، بال پىرەنىك، قايماق پىرەنىك، قاتارلىق خىلمۇ-خىل بولىدۇ.

**16.** باقالى (قارا تورت)، باقالى ھەسەل، تۇخۇم، قۇم شېكەر، ماي، ئۇن سېلىپ ياخشى ئارىلاشتۇرۇپ، ئىسقا سېلىپ دوخوپكىدا پىشۇرۇلىدۇ.

باقالىنى ھەر خىل قىلىش مۇمكىن، يۇقىرىقىلارغا يەنە ياڭاق مېغىزى، ئۆرۈك مېغىزىنى ئۇششاقلاپ سالسا ياكى قۇرۇتۇلغان ئۈزۈم سالسا، ئۈستىگە شېكەر ۋە ياڭاق مېغىزىنى ئۇششاق قىلىپ سەپسە، سۈپىتى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

**17.** قاقلىق چاي تائاملىرى. قاقلىق چاي تائاملىرى، ئالما، ئۆرۈك، شاپتۇل، بۆلدۈرگەن قاتارلىق تۈرلۈك مېۋىلەردىن ۋە ياكى بۇ مېۋىلەرنىڭ قۇرۇق قاقلىرىدىن سۇغا چىلاپ يۇمشىتىپ ئېزىپ، شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ، ماي سېلىپ يۇغۇرۇلغان خېمىر بىلەن،

ئېتىلىدۇ. خېمىرنى بىر سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى قېلىنلىقتا يۇملاق يېيىپ، قىيما تىلىنغان قاق سېلىنىدۇ. ئۇنىڭ چۆرىسىنى پۈكۈپ، ئۈستىگە يۇملاق قىلىپ سىنچىلاق بارماق مۆلچەرىدىكى نېپىز يېيىلغان خېمىرنى مەلۇم كەڭلىكتە كېسىپ، قاقنىڭ ئۈستى-گە چاقماق شەكلىدە شالاڭ قىلىپ قويىدۇ. بۇنى قاقلىق بەلىش، دەيدۇ. ئەگەر خېمىرنى نېپىز قىلىپ يېيىپ، مەلۇم چوڭلۇقتا تۆت چاسا كېسىپ، ئىچىگە يۇقىرىقىدەك قاق قىيمىسى سېلىپ، ئىككى ئۇچىنى پۈكۈپ، بىر-بىرىگە چاپلاپ، ئىككى تەرىپى ئوچۇق قالدۇرۇلسا. بۇ، قارا كۆز، دەپ ئاتىلىدۇ. قاقلىق چاي تائاملىرىنى تۈرلۈك شەكىل ۋە چوڭلۇقتا ھەر خىل قىلىپ ئېتىش مۇمكىن.

**18. قالاچ-توقاچلار.** قالاچ ئۇن، ماي، شېكەر، سۈت، تۇخۇم قوشۇپ ھەم قۇلماق سېلىپ تەييارلانغان خېمىرتۇرۇچ سېلىپ بولدۇرۇ-لىدۇ. ئاندىن بىلەيزۈك شەكلىدە ۋە باشقا شەكىللەردە ياساپ، يۈزىگە تۇخۇم سۈركەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يانچىلغان ياڭاق مېغى-زىنى سېپىدۇ كۆرۈنۈشى ناھايىتى چىرايلىق بولىدۇ. يۇملاق قى-لىپ تەييارلانغىنى توقاچ، دەپ ئاتىلىدۇ.

چاي تائاملىرى پېچىتە ياكى دوخوپكىدا پىشۇرۇلىدۇ. تاتارلار تاماقنى لېگەن، تەخسىلەرگە ئېلىپ ۋىلكا، پىچاق، قوشۇق سېلىپ يېيىشكە ئادەتلەنگەن بولۇپ، تاماق يېگەندە ھەر بىرىگە بىردىن سالفېتكا (قول ياغلىق) تارقىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تاماق-تىن كېيىن ئېغىزنى سۈرتىدۇ.

ھازىر تاتار خەلقى ھەر مىللەت خەلقى يەيدىغان تاماقلار-دىن پولۇ، لەغمەن، مانتا، سۈيۇقئاش، چۆچۈرە، گاكپەن، فىن-تاڭ، ھەر خىل سەي قاتارلىق تائاملارنى يېيىشكە ئادەتلەندى، چۆچەك، غۇلجا، ئۈرۈمچى تاتارلىرى ھازىرمۇ بەلىش، سالما، پەرەمەچ قاتارلىق ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى تاماقلىرىنى ئېتىپ يەيدۇ.

ھازىر شىنجاڭدىكى تاتار خەلقىلا ئەمەس، ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقلىرىمۇ تاتار خەلقىنىڭ پەردىنىك، باقالى، توقاچ، قاقلىق يەلىشلىرىنى پىشۇرىدۇ. تاتارچە يېمەكلىكلەرنى مېھمان ئۈزىتىشتا، توي - مەرىكىلەردە ئىشلىتىش ئومۇمىي ئادەت بولۇپ قالدى.

## 6. مىللىي سەنئەت

تاتار خەلقى سەنئەت سۆيەر خەلق بولۇپ، ياش - قېرى، ئەر - ئاياللارنىڭ زور كۆپچىلىكى جىر - جىرلاشنى، ئۇسسۇل ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ. ھەم تۈرلۈك مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى چېلىشقا ئۇستا كېلىدۇ.

تاتار خەلقى - جىر - كۈيگە باي خەلق. «ئاي ئۇراغى» «قاز قاناتى»، «ئۇزاتقاندا»، «ساغىنو»، «ئاققۇش كۈيى»، «ئاسىل يار» قاتارلىق كۆپلىگەن جىر ۋە كۈيلىرى ۋە «بالا سىكن»، «توي جىرى» قاتارلىق ئورغۇنلىغان جىر - كۈيلىرى بار. بۇلار كۆپ خىل مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ جىرلاردا مۇھەببەتنى، دوستلۇقنى، ئەل - يۇرتنى، باغۇ - بوستانلارنى، ھەر تۈرلۈك تەبىئەت ھادىسىلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ.

تاتار خەلقى ئاساسلىق قۇبۇز، ئادنىياراتكى (بىر رەتلىك گارمون، بايان، دۇخۇراتكا (ئىككى رەتلىك)، يەتتە تارلىق گىتار، ماندالىن، ئىسكروپكا، بالالايكى ۋە ياۋروپانىڭ ئىلغار چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ئۆز جىرلىرىغا تەڭكەش قىلىدۇ. جىر كۈيلەر بىلەن ھېسسىياتنى يۇكسەك دەرىجىدە تولۇق ئىپادىلەپ ئاڭلىغۇچىلارنى ھاياجانغا سالىدۇ.

تاتار خەلق جىرلىرىنىڭ شوخ، قىزغىن ئېيتىلىدىغانلىرىمۇ، ئاستا، مۇڭلۇق ئېيتىلىدىغانلىرىمۇ بار. تاتار خەلق جىرلىرى روشەن رىتىم ۋە قاپىيىگە ئىگە بولۇپ، قاپىيىسى ياڭراق ۋە ئېي-

ئىغا چۈشۈپ تۇرىدۇ. شوخ ۋە جاراڭلىق بولۇپ، تەڭكەش قىلىشقا ئەپلىك كېلىدۇ. يالغۇز مۇزىكا بىلەنمۇ، ئۇزكىستىر بىلەنمۇ ئورۇنلىنىشلى بولىدۇ. جىرلاردا تاتار مىللىتىگە خاس گۈزەل مۇزىكىلىق پۇراق ئىنتايىن قويۇق، تاتارچە جىرلار تىلى راۋان، ئاسان بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە، كېيىنلەر ئارىسىدا ناھايىتى تېز تارقىلىپ، كەڭ ئۆزلىشىدۇ.

تاتار خەلقى ھەر قانداق مىللىي بايراملاردا، تويلاردا، دوست - يارەنلەر، ئۇرۇق - تۇغقانلار جەم بولغان خۇشاللىق ئولتۇرۇشلاردا گاھىدا جۈر بولۇپ، گاھىدا يالغۇز، ئۆزلىرىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان جىرلىرىنى جىرلاپ، مۇزىكا چېلىپ، سورۇندىكىلەرنىڭ بايرام كەيپىياتىنى ھەم خۇشاللىقىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ھازىر تاتار خەلق جىرلىرى ئۇزلۇكسىز بىيىپ پارتىيىنى، خەلقنى، ئەمگەكچان ئىلغارلارنى كۈيلەيدىغان يېڭى مەزمۇنلار بىلەن تولماقتا. ھازىر تاتار خەلقى توي - مەرىكىلەردە:

بىيىك تاۋنىڭ باشلارىندا،
قىزارىپ پىشكەن پارچىيە.
سەن ياشاسالىڭ بىزگە رەخەت
يەشە مەڭگى پارتىيە.

دەپ جىر - جىرلاپ، ئۇلۇغ پارتىيىمىزنىڭ بەختلىك ھاياتقا يەتكۈزگەنلىكىگە تەنتەنە قىلىپ، ياشا مەڭگۈ پارتىيە، دەپ ئۆز مىنەتدارلىقىنى ئىپادىلىمەكتە.

تاتار خەلقى ئەمگەك سۆيەر، ئىشچان خەلق بولۇپ، كۆپلىگەن جىر - كۈيلەردە ئىشچانلىقنى، ئىلغارلىقنى كۈيلەيدۇ.

يارا تامىن قارلىغاچىنىڭ،
تەرەزەگە قونغانىسن.
دوستلارىمنى تەبرىكلىمىن،
ئىش - ئەمگەكتە ئۇزغانىن.

دەپ جىرلاش ئارقىلىق ئىش ـ ئەمگەك بىلەن زور ئۇتۇق-لارغا ئېرىشىشكە دەۋەت قىلىدۇ.

تاتار خەلق جىرلىرى ئىچىدە مۇھەببەت جىرلىرىنىڭ كۆلىمى كەڭ، مەزمۇنى چوڭقۇر بولۇپ، بۇ جىرلار ئارقىلىق تاتار يىگىت ـ قىزلىرى ئۆزلىرىنىڭ ساپ مۇھەببەتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئورال يىلغالارى يولسام،
ئورالىپ ئاغار ئىدىم.
ياڭغىر تامچالارى بولسام،
ئالدىڭغا تامار ئىدىم.

بۇ جىر ئۆزىنىڭ گۈزەل مىسرالىرى ۋە ئوبرازلىق تەسۋىرى بىلەن ساپ مۇھەببەت ئىنتىزارلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

تاتار خەلقىنىڭ «توي جىرلىرى» توي ـ مەرىكىلەرنىڭ خۇشاللىق تەنتەنىسىنى يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزىدۇ. توي قىلغۇچى يىگىت ـ قىزلارنىڭ توي ـ مەرىكىسىنى تەبرىكلەپ بەختلىك بولۇشىنى تىلەيدۇ.

ئىككەۋ بىرگە ئولتىرغانىسىز،
بىرگە بولسۇن ئويىڭىز.
ئىككىڭىزدە پاركىلگەنسىز،
قۇتلى بولسىن تويىڭىز.

پار بۇلبۇللار قاۋۇشقانداي،
ئىچىڭ قاۋۇشتىڭىزسىز.
ئىككىڭىزدە پاركىلگەنسىز،
ئىچىڭ تابىشتىڭىزسىز.

دېگەندەك جىرلار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ سەممىي تىلەكلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

تاتار خەلق جىرلىرى ئىچىدە يىگىت ـ قىز، دوست، يارانلەر ئېيتىشىدىغان كۆپلىگەن بېيىتلار بولۇپ، بۇ بېيىتلارنى ئېيتىشىش ئارقىلىق ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان مەرىكىنىڭ قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

تاتار خەلق ئۇسسۇلى بىر يىگىت، بىر قىز ئاياغ ھەرىكىتى بىلەن ئوينايدىغان ئۇسسۇل بولۇپ، ئىنتايىن شوخ ۋە تېز ئوينىلىدۇ. بۇنداق ئۇسسۇللارنى يىگىت ـ قىزلار توي ـ مەرىكىلەردە ئوينىغاندا، سورۇننىڭ كەيپىياتى ئۆرلەپ ئـوينىغۇچىمۇ، تاماشىچىمۇ ناھايىتى قىزغىنلىققا چۆمىدۇ.

تاتار خەلقىنىڭ جىر ـ كۈيلىرى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا كەڭ تەسىر قوزغاپ، خەلق ئىچىگە چوڭقۇر تارالغان ...... شىنجاڭدا ئۇزۇندىن بۇيان ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، خۇيزۇ، موڭغۇل قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ناخشا ـ كۈيلىرىدەك ياقتۇرۇپ ئېيتىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئۈرۈمچى، چۆچەك، غۇلجا قاتارلىق شەھەرلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقى ئۆز توي مەرىكىلىرىدە تاتار خەلق جىرلىرىنى جىرلاش ئارقىلىق ئۆز توي ـ مـەرىكىلىرىنىڭ قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، توي تەنتەنىسىنى ئەۋجىگە چىقىرىدۇ.

جۇڭگو كـوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، رادىئو ـ تېلېۋىزورلاردا تاتار خەلقىنىڭ «ئاي ئـوراغى»، «ئـاسىل يار»، «ئـۇزاتقاندا» قاتارلىق كۆپلىگەن خەلق جىرلىرى ۋە كۈيلىرى تاتار ۋە باشقا مىللەت سەنئەتچىلىرى تەرىپىدىن ئـورۇنلىنىپ، تـاتار خەلقى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ئارقىسىدا پەرىدە، رازىيە ئەلىيېۋالار توپلىغان «تاتار خەلق جىرلارى» كىتاب بولۇپ نەشىردىن

چىقتى. تاتار خەلق جىرچىسى غارىفۇللا يېنكىيېۋ تۆت مىڭ مىسرادىن ئارتۇق تاتار خەلق جىرلىرىنى توپلاپ ۋە رەتلەپ، نەشرگە بەردى.

تاتار خەلق كومپوزىتورى مۇخەممەت ئابدىقادىرمۇ تاتارچە 15 تىن ئارتۇق جىر - كۈي ئىجاد قىلدى، ئۇنىڭ جىر - كۈيلىرىدىن، قوش ئاۋازلىق جىر «كومىش چىشمە»، «ئانام»، «تۇرمۇشىمىز بالدان تەملى» قاتارلىق ئۇسسۇل مۇزىكىسىنى ئىلى ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكى سەھنىدە ئورۇنلىدى.

ھازىر تاتار خەلق جىر - كۈيلىرى خەلق ئارىسىدا ۋە سەھنىلەردە كەڭ دائىرىدە ئېيتىلىپ، ئۆزىنىڭ گۈللەپ ياشناۋاتقان يېڭى باھارىنى نامايان قىلماقتا.

## ئاخىرقى سۆز

«تاتارلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» - «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر قىسقىچە تارىخىدىن مەجمۇئە» نىڭ بىرى. بۇ كىتاب ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ سابىق شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىجتىمائىي تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ 1958 - يىلىدىن 1962 - يىلىغىچە تەكشۈرۈپ تۈزۈپ چىققان «تاتارلارنىڭ قىسقىچە تارىخى ۋە تەزكىرىسى توپلىمى» (1963 - يىلى بېيجىڭدە نەشىر قىلىنىپ ئىچكى جەھەتتىن تارقىتىلغان نۇسخا) كۆپىيىسى ئاساسىدا يېزىپ چىقىلدى.

«تاتارلارنىڭ قىسقىچە تارىخى ۋە تەزكىرىسى توپلىمى» فىڭ بياشىڭ، خۇفاڭدۇ قاتارلىق يولداشلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلگەن. ياسۇكەي، لى گۈيخەن، ئابلىمىت، مىجىت، پاتەم، داكې، ۋىننىڭشەن، شۈجىڭخې، ياڭ جىڭشەن، گونىڭ لياڭ قاتارلىق يولداشلار ئىلگىرى كېيىن بولۇپ، بۇ ئىجتىمائىي تەكشۈرۈشكە قاتناشتى.

دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە شىنجاڭ

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي مەسىلىگە ئائىت بەش يۈرۈش مەجمۇئە تەھرىر ھەيئىتىنىڭ كونكرېت يېتەكچىلىكىدە، «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قىسقىچە تارىخىدىن مەجمۇئە» نى تۈزىتىش بېكىتىش ۋە نەشر قىلىش پىلانىغا ئاساسەن 1983 - يىلىدىن ئېتىبارەن «تاتارلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»نى يېزىشنى ئۇيۇشتۇرغانىدى. شۇنىڭغا ئاساسەن، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا كەڭ كۆلەمدە ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، يولداش غىلاجىدىن ئوسماننىڭ يېتەكچىلىكىدە، مالىك چانىشوپ يېزىپ چىقتى.

كىتاب نەشرگە بېرىلىشتىن بۇرۇن كۆپ قېتىم مۇھاكىمىگە قويۇلدى، پىكىرلەر ئاساسىدا قايتا - قايتا تۈزىتىلىپ، ھازىرقى ھالەتكە كەلتۈرۈلدى. مۇھاكىمە، مۇزاكىرە يىغىنلىرىغا ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ، ئۇيغۇر سايرانى، باھار رەھىمى، مۇقەددەس ھاجىيېۋا، زارىپ دولاتوپ، تۇردى ئەخمەت، ھاجى ياقۇپ، ئىلدان ئىسھاقوپ، ھاجى ئەكبەرۋەلىيوپ، سامەت بېكمىتوپ، لاتىپ، سەلىم گەرەي، قادىر ئەكبەر، خەسەن بېكمىتوپ، مەرفۇغە قاتارلىق يولداشلار قاتناشتى ۋە قىممەتلىك پىكىرلەرنى بەردى. زارىپ دولاتوپ، ئىلدان ئىسھاقوپ، مۇھەممەت نىيازلار كىتابنى تەكشۈرۈشكە قاتناشتى. مۇھەممەت نىياز پىكىرلەر ئاساسىدا مۇھىم تۈزىتىش كىرگۈزدى ۋە تەھرىرلىكىنى ئىشلىدى. يولداش ئۇيغۇر سايرانى ئاخىرقى قېتىم تەكشۈرۈپ بېكىتتى.

ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش، مۇھاكىمە - مۇزاكىرە ئېلىپ بارغان مەزگىللەردە خىزمىتىمىزنى قوللىغان، مەدەت ۋە ياردەم بەرگەن ئورۇنلار ۋە يولداشلارغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز.

سەۋىيىمىز چەكلىك بولغانلىقتىن، كىتابتا كەمچىلىك- خاتالىقلار بولۇشى تەبىئىي. قايتا نەشر قىلغاندا، تۈزىتىۋېلىشىمىز ئۈچۈن كىتابخانلارنىڭ تەنقىدى تۈزىتىش بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

«تاتارلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» نى يېزىش گۇرۇپپىسى

1986 - يىل 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى